
# يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

6

1993

1993 - يىلى 3 - ئۆكتەبىردىن 7 - ئۆكتەبىرگىچە بېيجىڭدە شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» بېرىلىش ھەيئىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۈنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى ئاچتى. يىغىندا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەت قاتناشتى ۋە ۋەكىللەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاتاقلىق موڭغۇل يازغۇچىسى مالچىنخۇ يىغىندا كېلىپ ۋەكىللەر بىلەن بىرگە بولدى ۋە سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردى يىغىندا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. يەنە ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى دېڭيۇمېي، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم شىنجاڭدىن بارغان 50 كە يېقىن يازغۇچى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، مەركىزدىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل پاكولتېتىنىڭ قىسمەن ئوقۇتقۇچىلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن ئونغا يېقىن كىشى قاتناشتى.



يىغىندا ۋىلايىتىمىزدىن ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» سەرلەۋھىلىك شېئىرى، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» ناملىق پوۋېستى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، مەتقاسىم ئابدۇراخمان «دۇنەۋۋەر تەھرىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بىر قىسىم ۋەكىللەر



يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش.

# يېڭى قاشتېشى


قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

6
1993

(ئون تۆتىنچى يىل نەشرى)

(ئومۇمىي 74 - سان)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

# بۇ سانىدا

## ھېكايىلەر


تونۇردا ...... ئايمەھەممەت سايىم 1
ئىككى ھېكايە ...... مەھمۇت سىدىق 9
ئۆگۈنۈش ...... ئابلەت ئىمىن 13
غەلىبە كۈلكىسى ...... مۇھەممەتئېلى مۇھەممەتئىمىن 16
تەتۈر پېشانە ...... تۇرسۇنجان مەھەممەت 50
بىر جۈپ كالاچ ...... يارمۇھەممەت يۇسۇپ 71


## ئەدەبىي ئاخبارات


تەقدىرنى ئۆزگەرتكەن كىشىلەر ...... مەھەممەتئىمىن سابىر 27
ياغاچ كوچىكا ( تارىخىي ئوچېرك ) ...... يۇسۇپ توختى 59


## ئوبزور


قاشتېشىدىكى داغ ...... مەتتەمىن مەتنىياز 77


## نەسىرلەر


قىسمەتلەر ...... ئابدۇكېرىمجان ياقۇپ 74
تىنىرقىغان ھېسلار ...... راھىلە توختى 75


## شېئىرلار


چېچەكلىرىمنى ئىزچىلاچۇ يەنە ...... ئەركىن داۋۇت 19
سىر ...... ئابدۇقادىر سادىر 21
ياشىسۇن ...... ئابدۇللا ناسىر 21
ئىككى شېئىر ...... مەھەممەتئىمىن غوپۇر 22
ئانار يۇرتى بەرگەن ئىلھاملار ...... ھەبىبۇللا بەكرى 23
شېئىرلار ...... توخسۇن ھۆسەيىن 25
ئىككى غەزەل ...... مەھەممەتئىمىن قۇربانى 26
پەرىشتىلىرى سىلەر كۆلىمىنىڭ ...... ئەنۋەرجان سادىق 26
شېئىرلار ...... ئىپتىخار 63
كۆڭۈل مەرغۇللىرى ...... ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر 64
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇلئەھەت تۇرسۇن 66
گۈزەل ھىجران، يىراقتىكى چۈش ...... جېلىل خېلىل 67
ئىزلىرىڭنى قەلبىمگە كۆمەي ...... مەھەممەت كامال 68
ئىككى غەزەل ...... ئابدۇشۈكۈر راشىدىن 69
جۇدا ...... ياسىن كامىل 69
مەست قىلار دۇنيانى يالپۇزنىڭ ھىدى ...... مۇختار نۇرمۇھەممەت 70
سۆيگۈ چۇقانلىرى ...... غوجىمەھەممەت مۇھەممەت 70
ئاتا يۇرت تەسىراتلىرى ...... مەتتەمىن توختى 81


## كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن


شائىر ئىسمايىل ماجىننىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسىرى - «مۇھەببەتنامە» ...... تەييارلىغۇچى:
...... ھېكىم مەھەممەتئىمىت، ئەبلەھەت ئالىم 82


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


باتۇر ئېلى ۋە يۇلتۇز پەرى ...... تەييارلىغۇچى: مەتقۇربان ئىسمايىل 86



# تونۇردا

(ھېكايە)

**ئايمەھەمەت سايىپ**

ھىجرىيىنىڭ 1351 - يىلى① ماھى سەپەر ئېيى② چىقىپ كېتەي دەپ قالسىمۇ قار - يېغىن ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ ۋەھىمىلىك ھۇشقۇيتاتتى. يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنىدىغان ھەيۋەتلىك سېپىل، سېپىل ئۈستىدىكى جىسەكچىلەرنىڭ گۈلخانلىرى يورۇتۇپ تۇرغان توپ - زەمبىرەكلەر زۇلمەت ئىچىدە چۆلدەرەپ ياتقان بۇ قەدىمكى شەھەرنى، تونۇردەك قاراڭغۇ بۇ كېچىنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى.

بىر چاغدا بارات ناۋايىنىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ كوچىدا تۆت - بەش كۆلەڭگە پەيدا بولدى. كۆلەڭگىلەر يەنە ھايال بولماي قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرسىلا سۆرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئالدىنى قىلىشقىمۇ رايى يوقتەك ئىدى. ئىككى تەرىپىگە ئەگىپ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان شىۋىرغانىنىمۇ، قار يۈز - كۆزلىرىنى يىڭنە سانجىغاندەك پىژىلداتقانلىقىنىمۇ، بويۇنلىرىدىن بىر سوغۇق نەرسىنىڭ تېنىگە ئېقىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلمايتتى.

ئۇ ئەلەملىك خۇرسىنىپ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى تونۇر بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى خام قاپاقتەك ئېغىلغەن، كۆڭلى ھەرە كۆنىكىدەك مىژىلدايتتى، يۈرىكى زەھەر ئىچكەندەك ئېچىشاتتى.

تۈگەشتى، ئۇنىڭ ئەسلى - ۋەسلى ھەممىسى تۈگەشتى. ئەمىردىكى ئۈچ خوتۇنىدىنمۇ ئايرىلدى. ئەپقېچىپ ئالغان كىچىك خوتۇنى ئۆز ئايىغى بىلەن قېچىپ كەتتى، چوڭ خوتۇنى «ئارىمىزدا نىكاھ يوق، نەچچە قېتىم ئۈچ تالاق قىلدى» دەپ، قازىغا ئەرز قىلىپ سۆزىنى ئېلىۋالدى، تېخى ئۇنى قىرىق دەررىگە قويدى. ئۇ نەچچە ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە كىرىپ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1351 - يىلى—1933 - يىل

② ماھى سەپەر ئېيى — 2 - ئاي

خېلى تەستە ئەسلىگە كەلگەندە ئوتتۇرانجى خوتۇنىمۇ قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتى، ئەسلىدە ئۇنىمۇ قىماردا يېڭىسارلىق بىرسىدىن ئۇتۇۋالغانىدى. ھازىر ئۇ خوتۇننى ئاشۇ يەركەنلىك زەڭگى قۇچاقلاپ ياتامدىكەن... خېلى گاڭگۇك، سورۇنلۇقى بار خوتۇن ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ قىلاتتى، پىچاقنى يېنىدىن ئۈزمەيتتى. چىلىمنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ، تەگۋاز بېسىپ، ئوت يېقىپ بېرىدىغان ئىشلارغىمۇ خېلى پەمى بار ئىدى. خوشى كېلىپ قالسا بىللە چېكىشىپ بېرەتتى، ھوشۇققىمۇ خېلى ھېلىسى بار ئىدى. ئۇ يىگىرمىگە يېقىن خوتۇن ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئىسمىمۇ ئۇنىڭ يادىدا يوق. ئاشۇ بىر خوتۇنلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېلىقتەك ئويناقلىتالىغانىدى. ئۇنداق خوتۇن ئەمدى ئۇنىڭ قولىغا تەس چۈشەر. ئاھ، بۆگۈنكىدەك ئاسمان يېراق، يەر قاتتىق، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولغاندا يوتقاننى ئىسسىتىپ ئۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈدىغان بىرەر خوتۇنى بولغان بولسىيدى، ئىلاھىم!

ئەمدى ئۇنىڭ يەنە بەش سەر ئالتۇن، ئون ئىككى سەر كۈمۈش قەرزى، يۈرىكىنىڭ ئەلەملىك دەزى قالدى. ئالتە شەھەردە نامى بار قادىر شىپىلداق ئەمدى توپا بىلەن تەڭ بولدىغۇ. ئاھ، ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟! ئامەت ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى. قۇرۇق يىگىت ئەمەن پۈرايدىكەن. مانا، مۈشۈ تونۇردىن چىققان كاساك - كاساك گۆشكىردە، كاۋاپلارغا خام كىكىرگەن، ئېتىنى يېتىلەپ، چىلىمنى قويىنىغا تىقىپ ماڭىدىغان، پىرە، مەشرەپلەردە ئارقىسىدا «خوش غوجام» دەپ تۈرۈشىدىغان، پىچاقلىرىنى تاۋكاغاسانجىپ قويۇپ يانتاياق، يۈرەك بولىدىغان، چىلىمنىڭ باش ئوتىنى تۇتۇشىدىغان ئاغىينىلىرىمۇ يۈز ئۆردى، بارات ناۋايمۇ يۈز ئۆردى. بىر تەۋەككۈل گىردىنى بېشىغا ئېلىپ سەككىز بازارغا سوكۇلدايدىغان كونا چۈرۈكنى بارات ناۋاي قىلىپ قويغان كىم؟ ئۆيىدە قىمار ئېچىپ، چوتا دېگەننى غەللە ساندۇقىغا سانىماي تاشلاپ، ئايۋان - سارايلىق قىلىپ قويغان كىم؟! مانا ئەمدى قۇيرۇقى ياغ ئالغاندا قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇقماس بولۇپ قاپتۇ. بىرەر - ئىككى سەر بىر نەرسە ئۆتنە بېرىشكىمۇ يۈز قىلمىدى. ھۇ جازانىخور! خەپ توختاپتۇر، قادىر شىپىلداق بار تېخى!...

ئۇ كىرپىكلىرىدە قېتىپ قالغان مۇزلارنى ئۇۋۇلاپ ئاجرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ تازا خۇمارى تۇتقانىدى. مانا، قويىنىدا چىلىم - تەگۋازلىرىمۇ تەييار. تاپىنىدا يېلىمدەك چېگىپ كەتكەن قاقچىلىق نەشىسىمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ قاردا ئوت ياققىلى بىرەر تال قۇرۇق تەمەچ، قىيپال تاپالىشىغا كۆزى يەتمىدى. بىرەر قاپاق مەيزاپ بولسىمۇ مەيلىدى. شۇ تاپتا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتسە ئاچچىقنى ئاچچىق باسار ئىدى. يامۇل ئالدىدىكى تۈڭگان دۇكىنىنى ئاچقىلى ئۇنىماس بۇ دەمدە؟!

شىۋىرغان پەسىيىپ، ئاسماندىن تۇزۇۋاتقان قارمۇ ئازىيىپ قالغانىدى. ئۆتېنىنىڭ قۇرۇلۇپ، پۇتلىرىنىڭ توڭلىغانلىقتىن سەزمەس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ يەنە نېمىشقىدۇر ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى. تۆلكە تەلپىكىنى بېشىغا تېخىمۇ باسۇرۇپ قويدى. قوللىرى-

نى چەكمەن چاپىنىنىڭ يېڭىسگە قايتا
تىقتى.
ئۇنىڭ خىياللىرى تولىمۇ ئازابلىق ئى-
دى . ئۇ بۈگۈن چوڭ ئۈمىد بىلەن قويىن-
غا تىقىپ كەلگەن پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى
ھايت - ھۇيت دېگۈچە قولىدىن چىقىرىۋەت-
تى . گەپنىڭ چوڭىنى قىلىپ ئاقىۋەتتە
نېمە بولغانلىقىنىمۇ تۇيمايلا قالدى .
بارات ناۋايدىن بىر سەر ئالتۇن ، ئۈچ
سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ ئۇنىمۇ بىر دەم-
دىلا ئۇتتۇرۇۋەتتى. كاللىسىغا ھېچ ئەقىل
كەلمىدى. قارا باسقاندەك بولۇپ، دەردى-
نى ئىچىگە يۇتۇپ بارات ناۋاينىڭ قولىغى-
غا يەنە پىچىرلىغانىدى، لەنىتى ناۋاي
جاراستاندا ئۇنى سۇندۇرۇپ دېمىگەنلىرى
قالمىدى، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا كولۇك قېشى-
غا بېرىپ ئىككى - ئۈچ چىلىمنى ئارتۇق
چېكىۋەتتى . بۇ ئىشلاردىن ئۇ تولىمۇ
خورلۇق ھېس قىلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ
كۆزىگە يەنە يەركەنلىككە ئۇتتۇرۇۋەتكەن
خوتۇنى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ھەي ،
شۇ خوتۇننى دوغا تىكىپ نېمىشقىمۇ پوق
يېگەن بولغىيدى. ئۇ بۇنى ئويلىسا يۈرى-
كى يەغلاپ ، مۈشۈك تاتىلىغاندەك پىژىل-
دايتتى . سالىۋات ، جاھان ئۇزۇن ، ئۇ-
نىڭمۇ ئامىتى كېلىپ قالار . ئامەت دېگەن
ئىككى يۈزلۈك نەرسە ، ئۇنىڭغا ئوڭ يۈزى
ئېچىلىپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر .
قولىغا پۇل كىرەر ، خوتۇنمۇ كىرەر...
ئۇ شۇنداق ئامەتلەرنى خىيال قىلىپ
ئولتۇرغاندا ئارقا تەرىپىدىن «كورت»
قىلغان بىر ئاۋاز كەلدى - دە، چۆچۈپ
كەتتى ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ
ئالدى - كەينىگە قارىغانىدى ، ھېچ
نەرسە كۆرۈنمىدى. قارىغاندا يەل يۈرۈش-
كەن ئوخشايدۇدەپ ئويلىدى قادىر شىپىل-
داق . ئۇ يۈرىكىنى سەل توختىتىپ ئول-
تۇرغاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تونۇر ئى-
چىدىن بىر نەرسىنىڭ پۇشۇلداپ تىنغان
ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ
كەتتى.

— كىم؟

— ...

ئۇ قانداقتۇ بىرەر جىن - شاياتۇندىن
ئەيمەنگەندەك بولۇپ ئاستا تونۇرغا ئې-
گىشتى.

— كىمسەن ؟ ئادەمزاتمۇ يا؟

— مە ... مەن.

— نېمە ئىش قىلىسەن تونۇردا؟

— ئە ... ئەمدى ... سوغۇقتا ... ياتـ
قىلى ...

— ئۆيۈڭ يوقمۇ ؟ نېمە ئادەمسەن؟

— يوق، ساھىلمەن.

— قەيەرلىكسەن؟

— تىگىم قاراقاشتىن.

— قاراقاشتىن؟!

— ھەئە.

قادىر شىپىلداق تەئەججۈپ بىلەن
«قاراقاشتىن؟» دەپ يېنىشلاپ سوراپ
قويغانلىقىنىمۇ سەزمىدى . لېكىن
شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىدە چاقماق چېقىل-
غاندەك بولۇپ بىر تاسادىپىي ئامەتتىن
كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى . بىراق بۇ
ئامەتكە يېتىشتە قاملاشتۇرالمىسا بېشى
كېتەتتى . قاملاشتۇرالىسا جىرىڭلاپ تۇر-
غان پۇللارغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بۇ پۇللار
بىلەن قولدىن كەتكەن بەختىنى، ئۇتتۇرۇ-
ۋەتكەن پۇللىرىنى، ئاشۇ ئارماندا قويغان
پۇللارغا خوتۇننى، ئاتا-ئانىسىدىن مىراس
قېلىپ ، ئۇ قەرزگە ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ
بەرگەن ئايۋان - سارايلىرىنى ، ئەكەك
تۆكى، جىگىرى بار ياىتا ياقلىرىنى ئەگەش-

تۇرۇپ ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە قۇرغۇيدەك ئولتۇرىدىغان، ياغاچ يېنىدا يېرىدىغان نوچىلىقىنى، قادىر شىپىلداق دېگەن نامىنى — ھەممىنى قايتۇرۇۋالالايتتى. ئۇ بولارنىمۇ ئويلاپ يەتتى. ئۇنىڭ شۇنداق ھەممىنى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆت-سۇغا كىرىشكىمۇ رازى ئىدى. قامالاشتۇرۇشقىمۇ كۆزى ئىلەتتى. ئۇ بىردىنلا مۇئامىلىسىسىنى ئۆزگەرتتى، تىلىنى يۇمشاتتى:

— مۇساپىر ئوخشايلا، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، مەنمۇ يالغۇز، بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي.

تونۇردىن چىققان كۆلەڭگۈنىڭ بىر باغرى يۇمشاق خىزىر سۈپەت ئادەمگە يولۇققاندەك كۆڭلى ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ ماڭدى.

بۇگۈنكى تۇتۇق ئاسماندىقۇياش ئۆزىنىڭ يېغى ئاز قالغان چىراغدەك غۇۋا جامالىنى كۆرسەتكەن چاغدا سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى رەستە يەنە دائىملىق شاۋقۇنىنى باشلىدى. دۇكاندارلار، يايمىچىلار دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈپ ئىسىرىق ياقماقتا. ئىسىرىقداندىن ئادىراسمان، سەندەللەرنىڭ خۇش ھىدى تارىماقتا، قايسىدۇر بىر ناۋاي تونۇرغا يۇلغۇن تاشلىماقتا، كىملەردۇر بىر ئېشەككە ئارتىلغان قاقشال ئوتۇننىڭ سودىسىنى قىلىشماقتا. ئىمامى ئەزەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئالقانلارنى توپىغا سۈۋاپ پۇل ساناشماقتا. يەنە كىملەردۇر پاتقاق كېچىپ ئۆز يولىغا ئالدىراشماقتا. ھەممە ئۆز ئىشى، ئۆز غېمىنىڭ كويىدا. شۇ ھالدا ھەممىنىڭ كۆزى بىر ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى.

ئۇزۇن تاسما غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋالغان، قوش قاپاق، شاپپۇرۇتلۇق بىرسى ئات تالىۋەتكەندەك ھۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كۆرەك جۇۋىسىنىڭ چۇپپۇرلىرى ساڭگىلاپ، چورۇقىنىڭ يىرتىقلىرىدىن پايتىمىسى سۆرۈلۈپ قالغان ئوتتۇز - قىرىق ياشلاردىكى توپا چىراي، چاپاق كۆز، قولى باغلانغان بىرسىنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالماي ئارقىسىدىن دۈشكەللىگىنىچە ئىتتىرىپ كەلمەكتە ئىدى.

— جاھاننىڭ سىرىقىنى كۆرگىلى قويسىلا، مەن بىر مۇساپىر، جېنىم ئاكا، مېنى نەگە ئاپىرىدىلا؟! يارەببى، سەندىن ئۆزگە پاناھىم يوق!...

بۇ نالە - پەرياد قۇلىقىغا كىرگەن بازار ئەھلى نېمە ئىش بولغانلىقىدىن ھەيرانۇ - ھەس ئىدى.

— قادىر شىپىلداقكەن.

— توۋا، بىر مىسكىن، غېرىب - غۇرۋا بەندىنى!...

— ھەق - دەۋا ئىشى چېغى...

— قادىر ئىگەم، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە تەۋپىق - ھىدايەت ئاتا قىل!

كىشىلەر شۇنداق دېيىشكىنىچە، بىر ئادەمنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ ماڭغان قادىر شىپىلداققا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ئۇلارغىمۇ نېمە ئامال؟ بۇ ھەممە سىڭگەن نېنىغا شۈكۈر قىلىۋاتقان تونۇردەك جاھان تۇرسا؟! قادىر شىپىلداقنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭغا ئېغىز يارغان كىشىنىڭ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يامۇل ئىچىدىمۇ چىلىم تۇتۇشىدىغان مەنسەپدار ھەمداستىخانلىرى بارلىقىنى ھەممە بىلسە.

قادىر شىپىلداق ئىشىك باقارلارنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىشى ھامان سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يان ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇ، ھېلىقى كىشىنى پۈت تى-

رەپ سۆرۈلەۋالغان قويىنى قۇشقانىغا ئېلىپ ماڭغانىدەك سۇرەپ يامۇل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئىشىك يەنە ئېتىلدى.

شۇ تاپتا قادىر شىپىلداق ھەيدەپ كەلگەن ئادەمنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىكىن؟ بۇ ھازىرچە ئاشۇ ھەيۋەتلىك سېپىل، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلاردەك سىر ئىدى. لېكىن سېپىل سىرتىدىكى ئىشلار ھەممىنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان.

يېقىندا، قاراقاش پەتھى بولۇپتۇ. دارىل ئاساكى① قۇرۇلۇپتۇ. بۇ شەھەرنىمۇ پەتھى قىلارمىش. ئاقسۇ تەرەپتىن تۇڭگانلار ئۇچرىغاننى بۇلاپ، كالىسىنى ئېلىپ، قارا چۇمۇلىدەك بېسىپ كېلىۋېتىپتىمىش، دېگەندەك يېڭى خەۋەرلەر شەھەر ئەھلىنى ساراسىمىگە سالماقتا ئىدى.

غەم - ۋاشەتكە قالغان خەلق ئۆز غېمى بىلەن ئىدى. ئەلىمساقتىن پادىشاھ ئالماشقاندا، قايسى يۇرت - شەھەر تالاپەتكە ئۇچرىمىدى؟ شۇڭا پۇقرالار ئاللادىن يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى تىلىشەتتى. ئاۋاملا ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ قوراللىرىنى قۇچاقلاپ دۈگدىيىپ تۇرۇشقان ئىشىك باقارلارمۇ، سېپىل ئۈستىدىكى جىسەكچى قاراۋۇللارمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، ئەتراپقا ۋەھىمە، قورقۇنچ بىلەن قارىشاتتى. قايسىدۇر بىرسىنىڭ كۆڭلى ئۆيىدىكى چۆچۈرىدەك ئۇششاق باللىرىغا تارتىشاتتى. ئۆي - ماكانلىرىنى قۇرۇقداپ سېپىل ئىچىگە كۆچۈپ كىرىۋالغان مەنسەپدارلارنىڭ كۆڭلىمۇ جايىدا ئەمەستەك قىلاتتى. كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكتىن، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىل ئىدى. شۇكۈنـ

① دارىل ئاساكى — ۋاقىتلىق ئىسلام ھۆكۈمىتى.

لەردە پاتلانغان خام قەغەزلەرگە «قاراقاشلىق ئىسيانچىلاردىن بىرىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 50 سەر كۈمۈش ئىنئام بېرىلىدۇ...» دېگەن ئېلان يېزىلىپ سېپىل دەرۋازىسىغا چاپلانغانىدى.

كۆپ ئۆتمەي بۇ ئېلان كۈندە بازار قىزىيدىغان ھېيتگاھ دەرۋازىسى، سۇدەرۋازىسى، قىزىق دەرۋازىسى، گۈجەن دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىگە چاپلاندى. بۇ ئېلانلار گويا قىيامەت قەيۇمىنىڭ ئۇچۇزىدەك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەشۋىشلىك قىيامەت سايىسى تاشلاپ تۇراتتى، ۋەھىمىدىن غەمكىن كۆڭۈللەر لاي ئېقىندەك داۋالغۇماقتا، قايسى قىرغاق - ئويمانلاردا پاناھلىنىشنى خىيال ئەتمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن جان ئامان قالسىلا مەيلى ئىدى. سېپىلى مۇستەھكەم يامۇلمۇ بۇ رېئاللىققا تەن بەرگەنىدى. ئۇلار شۇ ۋەجىدىن كۈمۈشلىرىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ قاراقاشلىق ئىسيانچىلارنى جازالاشقا تۆت پۈتلۈق بولۇپ ئاتلانغانىدى.

قادىر شىپىلداق خۇشاللىقتىن گازىر كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ھالدا سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ قويىنى تولۇپ-تېشىپ قويىغانىدەك تومپىيىپ، بەلبېغى ئۈستىدىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئامىتى كېلىپ ھوشۇقى سىيا، پوك، چاك چۈشكەن چاغلىرىدىكىدەك خۇشال ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىگىدۇر ئەنسىز، تەشۋىشلىك سوقاتتى. ئۇ، شۇنداق تۇيغۇدا ھەممە ئۆز غەم - خىيالى بىلەن تەۋرەۋاتقان ھايات توپىغا سىڭىپ كەتتى.

بۈگۈنمۇ ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ تۇراتتى. خىرە پىلىلداپ تۇرغان ئاي، بىر نەچچە يۇلتۇزنى ھېسابقا ئالمىغاندا

جاهان يەنىلا ئاغزىنى يېپىپ قويغان تو-
نۇردەك قاراڭغۇ ئىدى. باش ئەتىيازنىڭ
غۇر - غۇر شامىلى توپا توزدۇتۇپ كۆزنى
ئاچۇرمايتتى. زېمىندىن ئەگۈز سۈيىنىڭ
نەمخۇش هىدى كېلەتتى.

بىر چاغدا بارات ناۋاينىڭ دەرۋازىسى
غىچىرلاپ كوچىدا تۆت - بەش كۆلەڭگۈ
پەيدا بولدى، كۆلەڭگۈلەر هايالشماي-
يەنە قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. ئۇلار-
دىن بىرسىلا سۆرۈلۈپ قالدى. ئۇ شۇتاپ
شامال سوققان يىكەندەك ئىگىلىپ ئارانلا
ئۆرە تۇراتتى. پۇت - قوللىرىنىڭمۇ ماغ-
دۇرى قالمىغاندەك ئىدى.

ئۇ يەنە تونۇر بېشىغا كەلدى. قانداقتۇر
بىر گۇمان، ئىستەك بىلەن تونۇر ئىچىگە
بويۇنداپ قاراپ باقتى، تونۇردىن ئەمدى
ئادەم ئەمەس، ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان
قوقاسنىڭ جىلۋىلىك ئۇچقۇنى كۆرۈندى.
ئۇنىڭ ئازابلىق كۆڭلى نېمىگىدۇر مەيۈس-
لەنگەندەك بولدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپ ئاشۇ قوقاسقا
كۆمۈلگەندەك ئازابلانماقتا ئىدى. كۆز-
لىرى چاناقلىرىغا توشقان ئەلەملىك ياش-
تىن خىرەلىشىپ كەتكەنىدى. دەرد-ھەس-
رىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغاندەك پات-
پات ئېغىر خۇرسىناتتى. ۋۇجۇدى پۇشاي-
ماندىن ئۆرتىنەتتى، تىترەيتتى.

ئۇنىڭ ئاشۇ قويندا تورۇزنىڭ تېشى-
دەك پۇلتۇگشۇپ قالغان پۇللارنى ھەپتە-
ئون كۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈۋالغىنى قالغان
چېغى. قايسى كۈنى كېچىسى ئامىتى كې-
لىپ ھوشۇقى ئازراق پوك، سىيا چۈشۈپ
بەرگەنىدى. بۈگۈن نېمە بولدىكىن؟«مې-
نىڭ قولۇم ئەمەس، جەمشىت پىردىمىنىڭ
قولى، يادەتتىكام!» دەپ ئىككى ئېتىشىغا
قويىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى باشقا بىر-

سىنىڭ قويىنىغا كىرىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ
چۇك تاشلاپ سالغىنىغا ھېچ ئىشەنگۈسى
كەلمىدى. ئۇ چۈش كۆرگەندەكلا كۆز ئال-
دىدا روي بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ راست -
يالغانلىقىغا ھېچ ئىشەنچە قىلالمىدى.
تېخى گەدىنىگە تۆپىلەپ قەرزىمىندى. ھەي!
سورۇنغا بىر ەر تەلۋە قېتىلىپ قالغانمى-
دىكىن؟ باشقىلار «ئازراقچەكسىلە، باش-
لىرىدىن كەتكىلى تۇرۇپلا!» دەپ يۈرەتتى.
شۇنداق بولدىمىكىن - يا؟! ئالدىراڭغۇ-
لۇق قىلىپ قويدى. سورۇنىنىڭ بېشىدىلا
چوك گەپ قىلىپ سالدى. كالىسىغا ھېچ
ئەقىل كەلمىدى، ھېلىمۇ ئىشىلىتەلمىدى،
قولغا پۇل كىرگەن چاغدا، كونا قەرز-
لىرىنىڭ شالتاقلىرىدىن ئاجراپ ئول-
تۇرغان بولسىمۇ بىر گەپ ئىدى. يەكەن،
يېڭىسار، كۇچا تەرەپلەرگە بېرىپ كېلىشمۇ
خىيالىغا كىردۈالغان. لېكىن ئۇ تەرەپ-
لەرنىڭمۇ تىنچ ئەمەسلىكىنى، ئۇرۇش-يېغى-
لىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئەي-
مەنگەندەك بولغانىدى. تەۋەككۈل دەپ كەت-
كەن بولسىمۇ بولۇپتىكەن. پېسىۋۇللا رىسقى
بولسا بىر چاغلاردىكىدەك بىر خورجۇن
پۇلنى ئاتقا ئارتىپ، بىر خوتۇننى ئار-
قىسىغا مىندۈرۈپ كېلەر ئىدى. ھېلىقى
قاراموق زەڭگى بىلەنمۇ تاۋكادا بولۇپ
قالار ئىدى. ھېلىقى خوتۇن ھېلىمۇ شۇ-
نىڭ قويىنىدىمىكىن؟ كاساپەت! ئۇنى بى-
رەر قېتىم كۆرۈۋېلىپ، سۆيۈۋېلىپ كەل-
سىمۇ ھېساب ئىدى.

ئۇ بۇلارنى ئويلىسا ئاشۇ قويىنىغا كى-
رىپلا چىقىپ كەتكەن پۇللارغا ئىچى كۆ-
يەتتى، يۈرىكىنى مۇزغا چاپلاپ ياتقۇسى
كېلەتتى.

ئۇ نېمە بولۇپ ئاشۇ تۆت ھوشۇقىنى
قولىغا ئېلىشنى ئۆگىنىپ قالدىكىن؟ ھەم-

مىسى شۇ بارات ناۋاينىڭ كاساپىتى، رەھمەتلىك ئانىسى بىر خون نان بىلەن شاگىرتلىققا ئەكىلىپ بەرگەندىن بېرى شاكال، ھوشۇق ئويناشنى، نەشە چېكىشنى، ھەممىنى ئۆگەتكەن شۇ، دەردكە قويغانمۇ شۇ، ئۇنىڭ بارات ناۋاينى چايناپ يۇتقۇۋەتسىمۇ دەردى چىقماس. خۇدا بۈگۈننى ئۇنىڭ بالىلىرىغا نېسىپ قىلمىسۇن. ئۇ ئۆز پۇشتىدىن ئون ئىككى بالا يۈزى كۆردى، ئەمما خۇدا بەرگىنىگە پۇشايمان قىلغاندەك تۆتىنى ئېلىپ كەتتى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئانىلىرىنىڭ قېشىدا، بالا دېگەن نەگە باردۇ؟ چوڭىيىپ دادىسىنى تاپىدۇ. ئۇ بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلار. بۇ دەردلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتەر، ئاھ، دەرد دېگەن يامانكەن، ئۇ چەكمەي كىم چەكسۇن؟!

ئۇنىڭ يەنە خۇمارى تۇتۇپ چەككۈسى كەلگەنىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كولۇك قېشىغا بېرىپ ئۈچ-تۆت چىلىمنى يالغۇز چېكىۋەتكەنىدى. باشلىرىنىڭ بىر يەرلىرى ھېلىمۇ ئېسىلىپ، لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. ئۇ بىر دەملىك بولسىمۇ، ھەممىنى ئۇنتۇشقا تەقەززا ئىدى.

ئۇ ئورنىدىن ئەلەڭشىپ قوپۇپ، تام-تورۇسلارنى سىيلاشتۇرۇپ بېقىپ قولىغا چىققۇدەك ھېچنەرسە ئۇچرىتالمىدى. ئۇ شۇ ھالدا بىردەم مەڭدەپ يۈرۈپ ناۋايخانىنىڭ قىيسىيىپ قالغان ئىشىكىنى تاپتى، ئاندىن ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئىشىكتىن قىيپال يىرماقچى بولۇۋېدى، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ گۆردەك قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتتى. قاراڭغۇلۇقتىن شاخ - شۇمبىلارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇھامان ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كەلدى - دە، تەمتىلەپ يۈرۈپ بىر باغ شاخنى سۆرەپ چىقىپ تونۇرغا تاشلىدى. تونۇردىن بىردەم ئىس - تۈتۈن ئۆرلەپ ئارقىدىن لاپ قىلىپ ئوت كۆتۈرۈلدى. ئاي - ھاي! ئۇنىڭ كۆز ئالدىمۇ، كۆڭلىمۇ يورۇپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە يەنە كىردى. ئوتنىڭ يورۇقىدا ئەمدى ھېچنېمىگە پۇتلاشمىدى.

دۈشمىنىڭنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلدىساڭمۇ ئارام. ھەي بارات ناۋاي، سوك-سوك ئوتۇننى ياراتماي پاسا قالغان باراتۋاي، نەچچە ئۇلاغ ئوتۇنۇڭ تۈگۈل ئۆي-ۋاقلىرىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ.

تونۇرغا ئوتۇن تازا كەپلەندى. خۇمداندەك چوڭ تونۇرنىڭ ئوتى چاراسلاپ كۆيۈپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى ئوتقا قاقلاپ يىلىتتى. ئاندىن قوينىنىڭ بىر يەرلىرىدىن چىلىمنى، تەڭۋاز خالتىسىنى ئېلىپ ئالدىدا قويدى. خالتىدىن تەڭۋاز ئېلىپ پىرىسلىتىپ ئۇۋاپ چىلىمنىڭ مەيخانىسىغا باسقاندىن كېيىن بىر پاي ئۆتۈكىنى سېلىپ كىگىز پايپىقىنىڭ تاپىنىغا چاپلىشىپ قالغان قاقچىلىك نەشىنى ئاجرىتىپ ئالدى. ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تىرناقلاپ ئۈزۈپ تەڭۋاز ئۈستىگە تىزدى. ئاندىن بىر تال يۇلغۇن تەمچىگە ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن چىلىمنى قولىغا ئالدى.

ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بوشاشماقتا ئىدى، مادارى ئاشۇ ئاغزى - بۇرنىدىن ئۇرغۇچتەك چىقىۋاتقان تۈتۈن بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزغان، يۈرىكىنى مۇجىغان، قورسىقىغا سىغماي قالغان دەرد-ھەسرىتى، پۇشايمىنى ئاشۇ تۈتۈنگە ئوخشاش ئۇنداق ئاسان چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلمايتتى.


ئۇ يەنە بىر چىلىم چەكتى. ئۇنى خى-
يال باستى. ئۇنىڭغا ئاشۇ لاخشا-لاخشا
ئوت ئىچىدىن قانداقتۇر جۇلدۇر-كېپەن،
تەركىي دۇنيا سىياق بىر سىماھ چېپىلغان،
تېنى يوق تاۋۇزدەك بىر باش كۆرۈنگەن-
دەك بولدى. بۇ باش قەپەزگە ئېلىنىپ
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغىلا ئېسىپ قويۇلغان-
دەك ئىدى. ئۇ بۇ باشنى نەچچە كۈندىن
بېرى كۆرۈپ تۇردى. كۆرمەي دېسىمۇ كو-
چىلاردا كېتىۋېتىپ قاراپ سالدى. قارى-
ماي دېسىمۇ خىيالىدىن كەتمىدى. سېپىل
دەرۋازىسى، ھېيتگاھ دەرۋازىسى، سۇ دەر-
ۋازىسى، گۈجەن دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى-
دە شۇنداق باشلار ئېسىپ قويۇلغانىدى.
بۇ كاللىلارنىڭ بىرلىرى ئۈچ پاختىدەك
ئاق ساقاللىق، بىرلىرىنىڭ تېخى بۇرۇ-
تىمۇ خەت تارتمىغانىدى، يەنە بىرلىرى
شور باغلىغان تۇز قاپىقىدەك قوتۇر، پاي-
نەكباش ئىدى... ئۇنىڭ چاپاق باسقان
كۆزلىرى ھەر قېتىم ئاشۇ كاللىلارغا تىكىل-
گىنىدە، ئۇنى سۈر باساتتى. ئۇ بۇ ئىشلاردىن
كۆزىنى، خىيالىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇ يەنە بىر چىلىم چەكتى. يېلىنجا-
ۋاتقان ئوتقا قاراپ ئۆتكەنكىدەك ئىك-
كى ئېغىز گېپىنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان
يەنە بىرەرسى يولۇقۇپ قالسىدى، مېنىڭ
بۇ قوينۇم يەنە ئالتۇن-تىللاغا توشار ئى-
دى... دەپ شېرىن خىياللارغا چۆمۈلدى.

ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ چېكى يوقتەك
قىلاتتى. ئۇ ھەر كېچىسى كېلىپ تونۇرغا
قاراپ بېقىشنىمۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
كۆڭلىنى تاتلىق قىلىپ ئالقىنى ئىچىلىپ
قالسا ئاشۇ يەكەنلىك ئۇتتۇرۇۋالغان خو-
تۇندەك بىرەرىنى قولىغا چۈشۈرۈشنىمۇ
ئويلىدى، تاما قىلدى... ئۇنىڭ خىياللى-
رى بارا-بارا چۈشتەك غۇۋالىشىپ كەت-
تى. ئۇنىڭ ئەمدى كۆزىنى ئېچىشقىمۇ ھې-
مالىسى قالمىغانىدى.

× ×

ئۇپۇق قىزارغاندا ھېيتگاھ جامەسىدىن
تارقىلىشىپ چىققان جامائەت بارات ناۋاي-
نىڭ تونۇرى قېشىغا كەلگەندە بارات نا-
ۋاي بىلەن ئىمكالىرىنىڭ ئاللا-تۆۋى-
سىدىن توختاپ قېلىشتى. ھەممەيلەن نېمە
بولغاندۇ دەپ تونۇر بېشىغا بويۇنداپ
قارايتتى. كۆرەلىگەنلەر ياقا چىشلەپ تو-
ۋا قىلاتتى. ئارىدىن باغرى يۇمشاق بىر-
لىرى ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. كىملەر-
دۇر دۇرۇت ئوقۇشاتتى. چۈنكى تونۇر ئى-
چىدە كۆيۈپ كۆسەيگىلا ئوخشاپ قالغان
بىر ئادەمنىڭ «كاۋىپى» تۈگۈلۈپ ياتاتتى.



جامائەت ھە-ھۇ دېيىشىپ جەسەتنى
تونۇردىن سۇغۇرۇشتى. ئەتراپنى كۆيۈپ
كەتكەن كاۋاپنىڭ پۇرىقى قاپلىدى.

— ئاھ خۇدا، نېمە كۈن-بۇ؟! باللىنى تو-
نۇرغا ئوت سېلىشلار دەپ چىقارتسام ھا-
يال بولماي چىرقىراپ كىرىشتى، زۇۋانىمۇ
گەپكە كەلمىدى. گاھى كېچىسى يېتىم-
مۇساپىرلار كىرىپ يېتىۋالاتتى. بىلگەن
بولسام ئۆيىدىمۇ يوتقان-تەككىي خېلى
كەڭرى ئىدى. نېمە قىسمەت ئەمدى بۇ؟!

بارات ناۋاي نېمىگىدۇر پۇشايمان
قىلاتتى، يىغلايتتى. تونۇر بېشى يىغا-
زارە، ماتەم-مۇسىبەتكە ئايلاندى. ھەم-
مىنىڭ كۆزىدىن تونۇرنى پاناھ ئەتكەن،
بىر ئىگە-چاقىسىز، غېرىب-مۇساپىر،
يېتىم ئوچىرىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلمەك-
تە ئىدى. بۇ ئىش شۇ كۈنىلا ئاشۇ تونۇردىن

(ئاخىرى 15-بەتتە)

# ئىككى ھېكايە

مەھمۇت سادىق

## قىزدىرىش

پاختا سېتىۋېلىش ئىشى باشلانغان بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشقا تۇتۇلۇپ قالغىنىمغا ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدىم. ئىدارىدىن مېنى بۇ ئىشقا ئاجرىتىش ئالدىدا كېلىشتۇرۇپ بىرەر باھانە كۆرسەتكەن بولسام ئورنۇمغا باشقا بىرسى بەلگىلىنەر ئىدى. قاق سەھەردىلا ئىشقا چۈشكەننى ئاز دەپ كەچتە چىراغ يورۇقىدا بىر چاغقىچە ئىشلىگەن، ئېغىزىمغا تېتىغۇدەك بىرەر قاچا تاماق يېيەلمەي، سوغۇقسۇ ئىچىپ، كۈن بويى قادىلىپ ئولتۇرغان، پاختا ساتقۇچىلارنىڭ قولىدىكى ھۆججەتلەرنى كۆزۈمگە ئىسسىپ ۋارقىراشلىرىچۇ تېخى.

— ھوي ئاغىنە، بىزمۇ ئادەم جۇمۇ، گەپ قىلماي تۇرسا ئۆزۈڭنى ئەجەب بىلمەيسىلەميا، — قولىدىكى ھۆججەتنى تومۇرىشاتقىدىن ماڭا سۇنۇپ، ئۆچىرەتتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان بىرسى تەئەددى قىلىۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭكېيىگە پەرۋاسىز ھالدا پۇلنى ساناپ ئۇستىلىم ئالدىدا تۇرغان تونۇشۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم، ئۇ رەھمەت-ھەشقاللا دېيىشىپ يېنىمدىن كەتكەندىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى نارازى بولغۇچىغا مەڭسىتمەسلىك نەزەرىدە بېقىپ قارىدىم.

— يۈزى قىزارمايدىغان قېلىن نېمىلەركەن بۇلار، گەپ قىلماي تۇرسا ئۈچ ئادەمگە پۇل بېرىپ بولدى. ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم بولغاندىكىن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئالسا بولمامدۇ، — دېدى ھېلىقى چېقىر كۆز، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى كىشى ۋە قولىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن تالوننى ئۇستىلىمگە تاشلىدى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە تۇرغانلار بۇ گەپنى قۇۋۋەتلەپ، ماڭا نارازى بولۇشتى. مەن «نېمە دېيىشسەڭ دېيىشمەمسەن، ئادەم دېگەننىڭ تونۇش-بىلىشلىرى بولىدۇ، قول دېگەن ئالدىغا ئېگىلىدۇ، قانچىلىك ئىشتى بۇ، ھازىرقى جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيسەن-دە، بايىخان تەلپەك» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە پۇلنى ساناپ ئۇ كۆكەمگە سۇندۇم، ئۇ پۇلنى قولۇمدىن يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دېگەچ كېتىپ قالدى. مەن بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەچكە پەرۋاسىز ھالدا يەنە پۇل ساناشقا باشلىدىم.

ئارىدىن توت-بەش مىنۇتتەك ئۆتكەندە ھېلىقى يېقىمسىز ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇ قارابۆز تەلپىكىنى كەينىگە سۈرۈپ تۇرۇپ، — ماۋۇ پۇلنى بايامقى قەغىزدىكىلىدىكىدىن زىيادە بېرىپسىلەر، قىلغان قىلىقلىرىڭلارغا قاراپ قەلەندەرگە سەدىقە قىلىۋەتسەممۇ بولاتتى، يەنە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، بىزلىگە ھارام سىڭمەيدۇ، بولمىسا ئون كويچەن دېگەن قانچىلىك نېمىتى سىلىگە... دېدي-دە،

ئون يۇەنلىك پۇلدىن بىرنى ئۇستىلىمگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

مەن ردشاتكا سىرتىغا — ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ تۇرغان ئۆچىرەتكە ۋە يىراقتىكى توپىلاڭلىق يولدا كېتىۋاتقان ھېلىقى كىشىگە قارىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم، ھەر قېتىم كۆرسەملا ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم ماڭا زەردە، مەنىستىمەسلىك، ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ قىلغان ھېلىقى سۆزلىرىنى ئويلاپ قالىمەن.

## سەھەر مونولوگلىرى

... بۇرۇن تۇغۇلۇش، ئاندىن ئۆلۈش مۇۋاپىقمۇ ياكى بۇرۇن ئۆلۈش ئاندىن تۇغۇلۇش مۇۋاپىقمۇ؟ بۇنىڭغا دەرھال بىر نېمە دېمەك قىيىن بولۇپ قالدى. ئىشقىلىپ بۇ ھايات سەھنىسىدە تاسادىپىي كۆرۈلۈپ، يەنە تاسادىپىي يوقايدىغان گەپكەن. بۇ تاسادىپىيلىق ئارىسىغا ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا رول ئېلىشتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان. يەنە كېلىپ بۇ رولنى ئۆزۈڭ تاللاش، ئويناش ۋەباشقىلارنىڭ تاماشىبىنى بولۇش ھوقۇقىمۇ بېرىلگەنىكەن.

يوتقاندا يېتىپ سۈرگەن خىيال لەززەتلىك، ئازابلىق، گادىرماچ بولىدىكەن... يالىڭاچ بەدىنىمگە زوق بىلەن قارىدىم، ساپ قان ۋە گۆشلەرنى ھەردىكەتلەندۈرۈپ تۇرغان بۇ بېجىرىم، پاك جىسىم قانچىلىك قىممەتكە ياراركىن؟ پەلەقۇرتى كېپىنەككە ئايلىنىپ ئۆز بوشلۇقىدىن چىقىپ كەتكەنگە ئوخشاش روھمۇ بەدەندىن ئايرىلىپ چىققان بولسا نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى ـ ھە؟ (كەچۈرۈڭ، بۇ جەھەتتىكى مۇلازىمەت تۈرلىرى ۋە تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن تازا خەۋىرىم يوقكەن، يەنە كېلىپ نېرۋانا دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان بولسامۇ ئەمما ئۇنىڭ ھەجمى ۋە ھېضىزىنى تەپسىلىي بىلمەيمەن) ئۇ

چاغدا گۈزەللىك، رەزىللىك، چىنلىق، ساختىلىق ھەققىدە ئويلىنىپ، بۇلارنى ئايرىيالماي يۈرۈشنىڭ ۋە ۋەز ئېيتىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى.

ئۆزۈمنى ئۆزۈم تولۇق چۈشىنىپ بولالمايۋاتقان يەردە باشقىلار مەن ھەققىدە ھەر خىل ئەپسانىلارنى توقۇسا ئەمدى ئەجەبلەنمەيمەن. «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېگەن راست گەپقۇ. بىز بىر ـ بىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق بىئارام قىلىپ يۈرىكىمىزنى، روھىمىزنى تاۋلاپ مېھرى ـ مۇھەببەت كۆلچىكىگە چۆمۈلۈپ راھەتلىنىش ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشىكىگە قاراپ مېڭىۋاتىمىز.

ئەتىگەندىلا كوچىدا، ئۆيدە — ئىشقىلىپ ھەممىلا يەردە ياڭراۋاتقان ناخشىلاردىكى ساپ مۇھەببەتكە ئاتىت ئاتالغۇلار نېمە دېگەن كۆپ؟ مەن بۇلارنى ئاڭلاشقا نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھېرىسمەندۇرمەن؟ ئادەم ئۆزى ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە شۇنچە چوقۇنىدىغان، ئۇنى شۇنچە كۆيلەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر خۇدا مەلۇم كونكرېتلىققا ئىگە بولغان بولسا ئۇنچىۋالا مۇكەممەل، سېھىرلىك، جەلبكار بولماس ئىكەندۇق. بىرسىنىڭ خاتىرە ئالبۇمىدىن «ھەر كىم ئۆزىنىڭ يارىتقۇچىسى،

يەنى— خۇداسى» دېگەن بىرجۈملىنى كۆر-
گەندەك قىلىۋېدىم. ئەگەر مەن كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە بىرەر كىمنىڭ پاك مۇھەببە-
تىگە ئېرىشەلىسەم ئۇنىڭ ئالبۇمىغا يۇقى-
رىقى جۈملىنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىغا «ئۇ
يەنە ئۆزىنىڭ قولى» دېگەننىمۇ قوشۇپ
يېزىپ بەرگۈم بار.

ھېلىقى ئاپپاينىڭ مەن ھەققىدە بىرتا-
لاي پەتىۋالارنى توقۇپ يۈرگەنلىكىگە ها-
زىر بىئارام بولمايدىغان بولدۇم. گەرچە
ئۇ مەن بىرگە (بايرۇننىڭ سۆزى بويىچە
ئالغاندا) ئەسنىمەكچى بولغان ئۇنىڭغا
كوتۇلداپ ماڭا بولغان قىزغىنلىقىنى ئا-
جىزلاشتۇرۇۋېتىشى، ھەتتا يوق قىلىۋېتىشى
مۇمكىن. ئەمما مەن سەگەك، پەملىك بولۇپ،
ئۇنىڭ كۆرۈمسىز بالىسىنى ئەركە-
لىتىپ، ئادەمنى بېزار قىلىدىغان قىلىقلى-
رىنى ماختاپ، ئەڭ ئاددىيسى بىرەر تال
مۇز كالتىكى ئېلىپ بەرسەم بۇ ئاپپاينىڭ
كۆڭۈل شورلۇقى نېترالىلىشىپ ماڭا قارىتا
تاتلىق سۆزلىرى بىخلايدىكەن ئەمەسمۇ.
ئەمدى بىرگە ئەسنىمەكچى بولغان ئۇ-
نىڭغا ھەم سىزگىمۇ زۆرۈرىيىتى كەلگەندە
مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانسام بولمىدىمۇ. ئە-
جىبا سىز بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ نەپرەتتە-
تىكىدە مۇھەببەت گۈلىنى باراقسانلاشتۇ-
رالايدىغان مۆجىزىلىك خىسلىتىگە ئىشەن-
مەمسىز؟...

خېزىرغا يولۇققان ياكى ياڭاقچېچەك-
لىگىنىنى كۆرگەن ئادەملەر بولساكېرەك.
ھوما قۇشىنىڭ كۆزى بولغان بولساقوتۇر
ئېشەككە قونماستى. مەن مۇشۇ يېشىمغا
قەدەر خېزىرنىمۇ، ياڭاق چېچىكىنىمۇ كۆ-
رۈپ باقمىدىم (خېزىرنىمۇ بولساكۆرگەن
بولسام ئۇنىڭدىن پاكلىق تىلەپ ئېلىپ،
ئۆزۈم بىلىدىغانلارغا ھېيتلىق قىلىپتار-
قىتىپ بەرەر ئىدىم)، ئەمدى تېخىمۇكۆرمەي-
مەن. بەختىمنى تېپىش ئۈچۈن كۈتكىنىمە-
گە ئېرىشەلىمىسەم مەيدەمدىكى يىرىك تۈك-
لەرنى تىكەنلەشتۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى پارا-
كەندە قىلىۋاتقان تەلىيىمنىنەپسى ۋىجە-
دانىي قەلەندەرنىڭ خالتىسىغىلا ئوخشاي-
دىغان كىلىشكەن، لاتاپەتلىك موداۋازلار
قىزدىتىۋەتكەن يەرمەنكىلەرگە سالىمەن.
ئەركىلەش، نازلىنىش، پىچىرلاش، ئىڭ-
راشلار لەيلەپ يۈرگەن بۇنداق يەرمەنكى-
لەر ھەر قاچان، ھەممىلا يەردە بارغۇ.

ھازىر مېنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ پەي-
غەمبەر بولۇش خىيالىممۇ ھەمدە يوقى-
تىپ بولۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، چو-
قونۇش ئويۇممۇ يوق...

بىر نەرسىنىڭ نەزەرگە ئېلىنىش - ئې-
لىنماسلىقىمۇ ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى
بەلگىلەيدىكەن. بۇ كونا گەپقۇ، ئىشەن-
مەمسىز؟ بەزى تەتقىقاتچىلار سۈيدۈك كۆپ-
لىگەن كېسەلگە داۋا دەۋاتىدىغۇ. كىم بى-
لىدۇ، ئۇنىڭغا ئېھتىياجى چۈشكەن كېسەل-
مەنلەر تەرىپىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بول-
غان تۇرلىرىنى ساقلايدىغان مەخسۇس ئال-
تۇن قاچىلار ياسىلامدۇ تېخى.

كېچە بىر چاغقىچە ئوقۇپ ياستۇقۇم-
نىڭ بوش يېرىگە تاشلاپ قويغان ژۇر-
نالنىڭ ئېچىقلىق بېتىگە قاراپ ئويلاپ
قالدىم. كافكا ئۆز ۋاقتىدا كۆڭلىنى چۈ-
شىنىدىغان بىرەرسى بىلەن بەختلىك ئا-
ئىلە قۇرالىغانىدىكەن... دوستلىرىغۇ بار
ئىكەندۇق... قىزىق گەپ بولدى - دە،
قۇشقاچمۇ بەزىدە بۈركۈت ھەققىدە ئوي-
لاپ قالىدىكەن. ئەگەر سەقەنقۇر بولال-
ساڭ ئاندىن لەھەڭ ھەققىدە ئويلىساڭ بىر
ئاز قاملىشار...

سانلىق رەقەملەر ھەممىمىزنىڭ مېڭى-

سىگە قاچىلاغلىق. مېنىڭ سىزگە ئېھتىيا-
جىم چۈشۈپ يېلىنسام، ئۆتۈنسەم سىز
«بولمىدى، ياق، يوق» دېسىڭىز، مەلۇم
ۋاقىتلاردىن كېيىن مەنمۇ سىزگە «ياق،
يوق، ئەپلەشمىدى» دەيمەن - دە، نېمىش-
قا «ماقۇل، بار، جايىدا قاملاشتۇردۇم»
دېگۈدەكمەن. مېنىڭمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش
ئۆز ئىشىم، تاماشالىرىم، مەنپەئەتىم،
نەپسىم بارغۇ. ئاچچىقلانماڭ، ھازىر مەنمۇ
سىزگە ئوخشاش ئەقىللىقلىشىپ قالدىم.
ئادەم ساراڭ بولغاندىن كېيىن ئەقىللىق
بولۇپ قالامدۇ ياكى ئەقىلدىن ئازغاندىن كې-
يىن ساراڭ بولامدۇ، بۇلاردىن قايسىسى كۆپ-
رەك، بىر نېمە دېمەك قىيىن. ئۆزۈمنىڭ قاي-
سىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىمگە كەلسەم سىز
قانداق بىلسىڭىز، مەنمۇ شۇنداق. چۈنكى
ماسلىشىشچانلىق ياشاشنىڭ ئەڭ مۇھىم
شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەن. بىز ئاچچىق-
لانسىڭىز مەنمۇ قاپىقىمنى تۈرىمەن، يەر-
گە قاراپ تىرنىقىمنى تاتىلاپ ئولتۇرۇ-
ۋەرگەن بىلەن بولمايدىكەن. سىز ھىجاي-
سىڭىز مەنمۇ ئوخشاش جاۋاب قايتۇرىمەن.
ئەگەردە كۈلسىڭىزچۇ، ئۇ چاغدا مەنمۇ
چىن يۈرىكىمدىن ئىخلاسىم بىلەن كۈلى-
مەن. ئۇنداق قىلماي ھەممىگە كۈلۈپلا
يۈرسەم مۇقەررەركى سىز مېنى كۆزگە ئىل-
مايسىز، بۇ راستقۇ.

بەزىدە سىز تۇرغان يەردە سىزلا ئە-
مەس ئۆزۈمنىڭ، ھەم مەندىمۇ سىزنىڭكىگە
ئوخشاش تەپەككۇر قىلالايدىغان بىر مې-
گىمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ
قويۇش ئۈچۈن، قۇلىقىڭىزغا تۇۋلاپ سې-
لىشىم مۇمكىن. ئەگەر شۇ چاغدا سىنەۋە-
لىك مەندە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسام، سىز-
دىن سەممىيلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن
تېخى.

سەھەر تۇرۇپ بەدەن چېنىقتۇرمايدىغان
بولۇپ قالغىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قال-
دى. ئويلاپ كۆرسەم ئۆزۈمگە نىسبەتەن
روھىم جىسمىمغا ئوخشاشلا قەدىرلىك ئى-
كەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئىختىيارىغا قو-
يۇپ بېرىپ يېتىۋەرگەن بىلەن جان باق-
ماي بولمايدۇ - دە.

قوڭغۇراقلىق سائەت مەن ئاخشام توغ-
رىلاپ قويغان ۋاقىتتا زىل ئۇرۇپ تۈنۈ-
گۈنكى كىيىملىرىمنى كىيىشىمگە، ئورنۇم-
دىن تۇرۇشۇمغا بەلگۈ بەردى. بۈگۈنكى
باشقۇرۇلۇش ماڭا نىسبەتەن مۇشۇ سادا-
دىن باشلاندى.

خەير - خوش يوتقىنىم، سەن بىلەن ۋا-
قىتلىق ئايرىلىشقا تامامەن قوشۇلىمەن.
ھازىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ
ئارىلىشىدىغان، زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ماڭا
ئېھتىياجى چۈشىدىغان «ئۇ» ۋە «ئۇلار» مۇ ما-
ڭا نىسبەتەن ساڭا ئوخشاشلا قەدىرلىك،
ئۇلارغا نىسبەتەن مەندىمۇ شۇنداق. ئەمما
مەن «ئۇ» ۋە «ئۇلار» نى سېنى چۈشەنگەندىن
ياخشىراق چۈشىنىشكە تىرىشىمەن، «ئۇ» ۋە
«ئۇلار» مۇ مېنى سەن چۈشەنگەندىن چوڭقۇر-
راق چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

بىز مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلى
نېمىلەرنىدۇ ئارمان قىلىپ، ئىنتىلىپ ھەر
كۈنى بىللە ياشايمىز.

# ئۆكۈنۈش

(ھېكايە)

ئابلەت ئۆمەر

ئۇلار بىر- بىرىدىن ئۆزىنى شۇنچە قاچۇرۇشسىمۇ يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. قىرىشقاندەك ماڭىدىغان يوللىرىمۇ بىر چىقىپ قالدى. ھەر ئىككىيلەن تويدىن ئۇزاشقان، قىز ئۆزىنىڭ ياتقىغا، يىگىت بولسا ئۆيىگە كېتىپ باراتتى.

ئەتراپقا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن، ھېلىدىن ھېلى چىقىپ تۇرىدىغان كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامالىرىمۇ پەسەيگەنىدى. ھەممە ياق جىمجىت، قاياقتىندۇر ئۈزۈپ- ئۈزۈپ قاۋاۋاتقان ئىت ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئاخىرى قىز ئېغىز ئاچتى:

— بايا مەن سىزنى كۆرۈپ بەك ھودۇقتۇم ھىدايەت.

— مەنمۇ شۇ، پاتىمە ئاللىقاچان ياتلىق بولغان تۇرسا بۇ تويغا يالغۇز كەپتۇغۇ دەپ ھەيران بولدۇم. نېمىشقا ئېرىڭىز بىللە كەلمەيدۇ.

— مەنلا كەلسەم نېمە بوپتۇ؟ ياكى ئەر- ئايال نەگىلا بارسا چوقۇم بىللە بېرىشى كېرەكمىدى؟

— بەلكىم ئۇنداق ئەمەستۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام سىزنىڭ بەزى ئىشلىرىڭىزغا يول قويمايتتىم.

— قايسى ئىشلىرىمنى دەيسەن؟

— بۈگۈنكىدەك توي - تۆكۈنلەردە ئېرىڭ يوق ئەھۋالدا تانسا ئوينىشىڭ، كېچىدە مېنىڭدەك بىر ئەر بىلەن يالغۇز قېلىشىڭچۇ؟

قىز ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى تىنىق كېچە ئاسمىنىدا يىراق -يىراقلارغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

— يالغۇز قالسام سەن بىلەن قالدىمغۇ، سېنىڭ ئورنىڭدا باشقا بىراۋ بولغىنىدا خېلى بۇرۇنلا كېتىپ بولاتتىم.

ھىدايەت گەپ قىلمىدى. ئۇ ئېرى بار تۇرسا دېگەنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، نېمىشقا بۇنداق دەيدىغاندۇ؟

ئۇلار قويۇق ئاكاتسىيە دەرىخى يېنىدىكى چىغىر يولدا ئاستا مېڭىشتى. كۆكتە سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. يېڭى چىققان ھىلال ئايمۇ خۇددى ناز قىلغاندەك بۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى.

تۇساتتىن يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنا چىرىغى بۇ تەرەپكە چۈشۈشى بىلەن تەڭ ئون توققۇز-يىگىرمىلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئىككىيلەن ئىختىيارسىز ھالدا بىر - بىرىگە قاراپ سېلىشتى. قاندۇقتۇر ئىچكى سېزىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈرىكى دولقۇنلاپ ئۇرۇۋاتقان قىز ئۆزىگە بىلىنەر- بىلىنمەس تېگىپ كېلىۋاتقان ھىدايەتكە تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلدى.

— ئېسىڭىزدىمۇ، -دېدى بىردەمدىن كېيىن ھىدايەت پەس ئاۋاز بىلەن، -بىر چاغلاردا بىز تۇرمۇش قۇرايلى، ماڭا تېگىۋالساڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ دېسەم ماقۇل بولمىغانىدىڭ. ئۆزۈڭگە تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدىڭ. ئەگەر شۇ چاغدا تەلىپىمنى رەت

قىلىنغان بولساڭ پۈتكۈل تۇرمۇشۇڭ باشـ
قىچە بولاتتى.

ــ قانداق بولاتتى؟

ــ ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ شېرىـن،
ئىشقىلىپ ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى.

ــ سەنمۇ شۇچاغدا كۆڭلىڭدىكىنى ئوچۇق
ئېيتىمىدىڭ، مۇھەببىتىڭنى دادىل ئىزھار
قىلالمىدىڭ. قىز بالادېگەن بىر ـ ئىككى قېـ
تىم ماڭا ياتلىق بول دېگەنگە ماقۇل دەيتـ
تىمۇ، ئۆزۈڭدىن كەتتى.

ــ بىراق، ئەرگە تەگمەكچى بولغانلىـ
قىڭنى يوشۇردۇڭ، يۈرىكىڭدىكىنى پىنھان
تۇتتۇڭمۇ، بۇ يالغانمۇ؟

ھىدايەت ئۆزىچىلا غۇدۇڭشىـدى . قىز
خېلىغىچە ئۇنچىقماي تۇرۇپ كـەتتى. ئىـ
كىنىلەن بىر ـ بىرىگە بولغان زارىقىش، ئىنـ
تىلىشلىرىنى كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىـ
ماقچى بولۇشتىيو، لېكىن قاراڭغۇدا ھېچنېـ
مىنى پەرق قىلغىلى بولمىدى.

ــ بىر دەم ئېلىش كۈنى ئۆيگە بارسام،ـ
دېدى ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ ، ـ ئاللىقاچان
چاي ئىچۈرۈپ گۈل قـويـۇپ بـولۇپتـۇ.
توي كۈنىنىمۇ بېـكىـتـىپ بولـۇپـتـۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز تـەقدىرگـە تەن
بەردىم.

ــ ئۇنداقتا سەن ئـۆزۈڭنىڭ تـولىمۇ
ئاجىز، بىچارە ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىـ
لىشىڭ، ئەقەللىسى ياخشى كۆرۈش ، سۆـ
يۈش ئەركىنلىكىڭدىنمۇ مەھرۇم ئىكەنلىـ
كىڭنى بىلىشىڭ كېـرەك پاتىمە. ئەجىبا،
سەن بىراۋنىڭ ئېـلىپ سېتىۋالالايدىغان
مېلىمۇ، مانا ھـازىر ئېرىڭ يىگىرمە كـ
لومېتر يىراقتىكى فېرمىدا، ھەپتىدە بىر
كۆرۈشىسەن، تېخى توي قىلىنغان نۇرغۇن
قىزلارغا ئوخشاش ياتـاقتا يېتىپ قوپىـ
سەن. بۇنىڭدىن ئىچىڭ پـۇشمامدۇ؟ ئەـ
تىگەن ـ ئاخشاملىرى يالغۇز قـالغىنىڭدا
غېرىبلىق، يىگـانىلىق ھېس قىلمامسەن،
تەنھالىقتىن زېرىكمەمسەن؟ نىھايەت كۆز
ئالدىڭدىكى تۇرمۇشقا رازى بولساڭ ـھە...
قىز يەنىلا گەپ قىلمىدى.

ــ ئىلگىرى مەن ساڭا بەخت تىلىگەن،
ئەمدى سەنمۇ شۇنـداق قىلىشىڭ كېرەك
پاتىمە، چۈنكى مەنمۇ پات ئـارىـدا توي
قىلىمەن.

ــ ئەلۋەتتە، سەن بـەختلىك بولساڭ
مەن خوش بولىمەن ھىدايەت.

ــ سەن بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىسەن.

ــ بۇنى بىلىمەن ھىدايەت.

ئۇلار يانمۇ يان كېتىۋېتىپ ئۆزلىرىگە
كېرەكلىك بولغان، لېكىنزە مەڭگۈ نېسىپ
بولمايدىغان بىر نەرسىنى ئېخىمۇ ئېنىق
چۈشىنىشكە باشلىدى.

ــ ئۆيگىمۇ كېلىپ قـاپـتـۇق، كىرىپ
چاي ئىچىپ ئۆتمەمسەن؟ ـ تـال سۆگەتـ
لىك كوچىم مەھەللىگە يېتىپ كەلـگـەندە
ھىدايەت ئەدەب بىلەن شۇنداق دېدى:

ــ رەھمەت، باشقا بىر كۈنى كېلەرمەن،
بولمىسا بىزنىڭكىگە بارمايلىمۇ، يەنـىـلا
شۇ بۇرۇنقى ياتاق.

ــ بارارمىز، كەچمۇ بولۇپ قالدى، تېـ
خى پۇرسەت كۆپقۇ.

ــ راستىنلا خـالىمايدىـغـان بولساڭ
خوش ئەمىسە.

ــ خوش.

ھىدايەت ئۆيگە كىردى. ئىككى يىـل
ئىلگىرى مۇشۇ قىزغا بېغىشلاپ يـازغـان
شېئىرنى ئىزلەپ، كىتاب ئىشكاپىنى ئاخـ
تۇرۇشقا باشلىدى... ئوخشاشلا دېـرىزىگە
سۇس ھاۋىرەڭ پەردە تارتىلغان يـاتـاق
ئىچىدە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ياتقان
قىز بولسا كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. ئاجـ

رىشىپ كەتكەنلىكىمنى ھىدايەت بىلمەيدىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئىلاھىم بىلمەيلا قالسۇن. تۇرمۇش دېگەندە بۇنداق ئىشلار ئاز تېپىلاتتىمۇ، يەنە كېلىپ ئۆتكەن ئىشلارغا مەن ئەيىبلىك ئەمەستە.

ئۇ ئەمدىلا ئۇنىڭ يەتتىگە كىرگەن تۇنجى باھار پەسلىنى، ھىدايەتنى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېنىغا كېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇشلىرىنى، ھەشقىپىچەك، سېرىنگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بىپايان دالىدا لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويغىنىنى بىرمۇ بىر ئەسلەشكە باشلىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىگە شۇنچىلىك راھەت، ئارامبەخش بىلىنگەن يۇمشاق كارىۋىتىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا دوزاخ ئازابىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك، ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسە بىردىن پۇچەك، قۇرۇق، مەززىسىز تۇيۇلدى. ۋۇجۇدىغا يامراپ كەتكەن بىر خىل ئوت، يوشۇرۇن ئازاب ئۇنى توختاۋسىز كۆيدۈرۈپ بىئارام قىلىشقا باشلىدى. چەكسىز سۆيگۈمېھرى - مۇھەببەتكە تولغان ئاشۇ مەزگىللىنى قاندىقمۇ ئۇنتۇش مۇمكىن...

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا مۇزدەكلىك تام سائىتىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بەشنى ئۇرغىنىنى ئاڭلاندى. ئۇچىغا نېپىز ئاق رۇباشكا كىيىۋالغان بۇ قىزچاق ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى چوڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. يالاڭغىداق پۇتلىرىغا ساپما ئايىغىنى كىيگەندىن كېيىن ئۈستەل تارتمىسىدىن ئىككى دانە ئۇيقۇ دورىسىنى ئالدى - دە، ئۇنى پەم بىلەن يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ دورىنى ئىشلەتمىگىنىگىمۇ ئۇزاق بولغانىدى. لېكىن بۈگۈن بولمىدى. روھىي، جىسمىغا زورۇر بولغان نامەلۇم بوشلۇق — نامەلۇم يوچۇقنى ئىزلەۋېرىشكە زادى تاقىتى يەتمىدى.

---

(بېشى 8 - بەتتە)

چىققان كاۋاپنىڭ پۇرىقىدەك ئەتراپقا تارالدى، ھەممىنىڭ ئىچى ئاغرىشتى. خۇددى ئاشۇ قەپەزدىكى ئېسىپ قويۇلغان ناتىۋانلارنىڭ بېشىغا ئىچى ئاغرىغاندەك ئېچىنىشتى.

شۇنىڭدىن بېرى قادىر شىپىلداقمۇ بازار ناۋاينىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسمىدى. تاۋكا ئۈستىدە، چىلىم ئەتراپىدا پات - پات ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا چىقىپ قالاتتى. بەزىلەر «يەكەن، يېڭىسار، كۇچا تەرەپلەرگە بارىمەن دەپ يۈرەتتى، كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۆتۈپ بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كېلەلەرمىكىن؟» دەپ گېپىنى قىلىشاتتى. لېكىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى، قارىغاندا ئۇ خېلى يىراققا كەتكەن چېغى. چۈنكى بۇ بەزىلەر ئۈچۈن بارسا كەلمەس جاھان...

# غەلىبە كۆلكىسى

(ھېكايە)

مۇھەممەتئېلى مۇھەممەتئىمىن

ئامىلجان قايسىبىر ئاغىنىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا «كەچلىك رازۋېتكا» نىڭ تەمىنى تېتىپ قالغانىدىن بۇيان ئۆزگىرىپلا كەتتى. ئۇنى ئەمدى مۇھەببەت رومانلىرى، تاتلىق كۆرۈنۈشلۈك سىنئالغۇلار قىزىقتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخشاملىرى ئۆيدە ئولتۇرمايتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئامىلجان كىنوخانىنىڭ بېقىنىدىكى قەھۋەخانىدا پىۋا ئىچكەچ كىنونىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. كىنو تۈگەپ ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن لەرزان دەسسەپ كوچىغا چىقتى. تۆت كوچا ئېغىزىدىكى يۇمىلاق گۈللۈكنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىگە ئوخشاش «كوچا كوماندىلىرى» دىن بەش - ئالتىسى بەز ماردىغان مۈشۈكتەك تۆت تامغا قارىشىپ تۇراتتى. «ئادەمنىڭ رىسقىغا توپا چاچىدىغان لاتىلار، ئۆيى يوقتەك دائىم چارلاپ يۈرگىنى - يۈرگەن. يا تۈزۈك ئىش قىلالمىغان، يا ئادەمنى ئىش قىلدۇرمىغان. كۈچۈم يەتسە سەنلەرنى بىر - بىرلەپ...» ئامىلجان ئۇلارغا يىراقتىن بىرنى تۈكۈردى - دە، تاماكىسىنى شورىغىنىچە باش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار پىلدىداپ تۇراتتى.

ئامىلجان بىردەم مېڭىپ «مۇھەببەت كوچىسى» غا قايرىلدى. بۇ كوچىدا چىراغمۇ يوق، ئىككى تەرەپتىكى يوغان قارا ياغاچلارنىڭ شاخلىرى گىرەلىشىپ كوچىنى قاراڭغۇ «كارىدور» غا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، مۇھەببەتلىشىشكە ئەپلىك بولغاچقا، بۇ ناھىيە بازىرىدىكى ياشلار شۇنداق نام قويۇۋالغانىدى.

ئامىلجان كوچىنىڭ يېرىمىنى بېسىپ، ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئېرىق بويىدىكى قارا ياغاچقا يۆلىنىپ ئەتراپقا كۆز سالدى. ئېگىزدە يوپۇرماقلار بوش شىلدىرلايتتى، «ئولجا»دىن شەپە يوق ئىدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئامىلجاننىڭ پۇتلىرى تېلىپ ئولتۇردى. ئولتۇردى - يۇ، يەنە تۇرۇپ كەتتى، بايا ئۇ كەلگەن تەرەپتىن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بارلىق دىققىتىنى يىغىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ قارىدى. ئىككى قارا گەۋدە يېقىنلاپ كەلدى. «ھەي - ي، يالغۇز بولىسىچۇ، بوپتۇ، مەنمۇ بىر ئاغىنەمنى تاپارمەن». لېكىن ئۇنىڭ خىيالى تۇنجۇقتى. بىر ئەر، بىر ئايال چاپلىشىپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئامىلجان بىر يۇلقۇنۇپ قويۇپ زوڭ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا پات - پات مۇشۇنداق خاتا خىيال قىلىشقا، ھەتتا خاتا خىيال بىلەن ئۆتكەنكىدەك خاتا ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

بىرەر ئاي بۇرۇنمىكىن، بىر ئاخشىمى

ئامىلجان باشقا بىر كوچىدا
مۇشۇنداق «ئولجا» كۈتۈپ تۇرغاندا،
ئۇزۇن كۆڭلەكلىك بىر ئايال يېنىك، ئاس-
تا چامداپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قال-
دى. ئۇ شۇ چاغدا بۈگۈنكىدەك مەست بول-
ماچقا قېنى قىزىپ ئايالنىڭ ئالدىنى تو-
سدى. ئامىلجان «نەگە ماڭدىڭىز تۇمۇ-
چۇق» دېيىشىگە، ئايال تۇيۇقسىز ئەرچە
گەپ قىلدى: «ئاناڭنىڭ يېنىغا!» ئامىل-
جان زەن سېلىپ قارىسا ئۇ «ئايال» ئۇ-
زۇن تون چاپان كىيگەن بىر بوۋاي ئى-
كەن. ئامىلجان پەرت قىلىپ قاچقان، ئە-
تىسى ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپ ئۇ-
لارنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.

شۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئامىلجان ئۆزىچە
كۈلۈپ قويدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنى يان-
داپ بىر پىكاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئامىلجان
پىكاپنىڭ يىراقتا سوزۇلغان چىراغ نۇ-
رىنى بويلاپ كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە قا-
رىدى، پاھ، ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن، باش-
تاق، غۇنچە بوي بىر قىز بۇ تەرەپكە قا-
راپ كەلمەكتە ئىدى. پىكاپ قىزدىن ئۆ-
تۈپ توغرا كوچىغا كىرىپ كەتتى. يول
يەنە قاراڭغۇلىشىپ قىز كۆرۈنمەي قالدى.

ئامىلجان بوش ھايجان ئىچىدە تاقەت-
سىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى. يېنىك
چاققان ئاياغ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىن-
لاپ كەلمەكتە. قىزنىڭ ئاقۇش گەۋدىسى
كۆرۈنگەندە بولسا ئامىلجان ئورنىدىن
تۇرۇپ قىزنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— ھەي، توختىڭە!

قىز بىر دەقىقە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى،
ئاندىن «ۋاي» دېگىنىچە كەينىگە ياندى.
ئامىلجان ئىككى تاقلاپلا قىزنىڭ ئالدىنى
توردى:

— قورقماڭ، بىز قاراقچى يا بۇلاڭچى
ئەمەس. نەگە ماڭدىڭىز؟ ئويىنغىلى ماڭ-
غانسىز تايىنلىق.

— ئۆيگە ماڭدىم، قانداق — قىز بوش
ئەمەستەك قىلاتتى — سىلەرنىڭ دەستىڭ-
لاردىن ئاخشاملىرى سىرتقا چىققىلى، بۇ
كوچىدىن ئۆتكىلى بولمامدىكەن!؟

— نىمانداق توڭلۇق قىلىسىز،- ئامىل-
جان يالغان كۈلۈپ قويدى،- بۇ كوچىدىن
قىزلار ئۆتمىسۇن دېگەن گەپ يوق، جىق-
جىق ئۆتۈپ تۇرسا ياخشى ئەمەسمۇ. قا-
رىسام يالغۇز مېڭىپسىز، ياش بولغاندى-
كىن ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشايلى دەپ
شۇ...

— خاتا ئويلاپ قاپسىز، بىز ئۇنداق
ئاخشاملىرى بىرسى بىلەن «پاراڭلىشى-
دىغان» لاردىن ئەمەس. گېپىڭىز بولسا
كۈندۈزى چىرايلىقچە قىلىڭ،- قىز بۇرۇ-
لۇپلا ماڭدى.

ئامىلجان باشتا ھودۇقتى، كېيىن ناز
قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلى-
دى - دە، قىزغا يېتىشىۋېلىپ بىلىكىدىن
تۇتتى:

— بىزنى قولى قۇرۇق چاپان قېلىپى،
دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئويناش كىنىشكىمىز
بار بىزنىڭ، ھۆكۈمەت سىزدەك چىرايلىق-
لارغا خەجلىسۇن دەپ كىنىشكىدىن ھەر
ئايدا يىگىرمە نەچچىنى بىرىدۇ، تولا ناز
قىلماي ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلىڭە، نەچ-
چە ئالىسىز زادى؟

— لۈكچەك!- قىز ئامىلجاننىڭ قولىنى
سىلكىۋەتتى — ئۇنداق سېسىق كىنىشكىلى-
رىڭنى ئاچاڭغا بەر، ئىززىتىڭنى بىلىپ
يولنى بوشات!

«ئاچاڭغا بەر» دېگەن گەپ ئامىلجانغا
ھار كەلدى بولغاي، ئۇ غەزەپ بىلەن قىز-
نىڭ ئىككى مۈرىسىنى قامالىدى:

— هۇ بۇزۇق، بۇزۇق بولمىساڭ ئاخشىمى بۇ كوچىدا نېمە قىلىسەن، يوغان گەپ قىلغۇدەك قانچىلىك پاك نېمىدىگەسەن؟ هۇ تىزدىنىڭ لىپىكى يوق، ئاغزى ئوچۇق كونۋېرت! مېنى تىللايسىنا تېخى، يا ياخشى گەپكە ئۇنىمساڭ يا پۇلغا، تاياقنىغۇ ئۇنارسەن!

ئامىلجاننىڭ قىزنى ئۇرۇشقا كۆتۈرۈلگەن قولى هاۋادا توختاپ قالدى. قىز پەخىلداپ كۈلمەكتە ئىدى:

— ئۇنداق قىلىش كەتمەيدۇ، ئوغۇل بالىچىلىقىڭىزنى سىناپ باقتىم، ئۇنىماي تۇرۇۋالسام قانداق قىلاركىن دېسەم، سىز مۇ - زە، تازا بىر... — قىز قورقتىمۇ قانداق يۇمشاپ قالدى. ئاۋازى ئۈزۈك - ئۈزۈك، تىترەپ چىقاتتى.

— ۋاي خېنىم، ئاچچىقىمىز كەلگەندە يولۋاس بوپكېتىمىز دەڭا، يولۋاس. بىر ئىشقا نىيەت قىلساق قىلماي قويمايدىغان ئوغۇل بالابىز. قانداق، بولامدىكەنمىز، — ئامىلجان خۇشلۇقتا قىزغا ئىنتىلىۋىدى، قىز ئۇنى بوش ئىتتىرىۋەتتى:

— نېمىگە ئالدىرايسىز، ئوبدان بىر يەرنى تېپىپ...

— بولىدۇ، بولىدۇ. ئاغزىڭىزغا ناۋات، قارىسام خېلى ئىسىلدەك قىلىسىز، توپىغا پۇچۇلايدىغانغا زايا كەتكۈدەكسىز، يۈرۈك بىزنىڭ ئۆيگىلا بارايلى.

— ياق، — دېدى قىز ئىتتىك، — ئۆيىڭىزگە كېلەر قېتىم بارارمىز، بۈگۈن بىزنىڭكىگە بارايلى، ئۆيدە هېچكىم يوق، ئۆينى كۆرۈپ قويسىڭىز كېيىن ئۇچراشماقمۇ ئاسان بولىدۇ.

ئامىلجان قىزغا يانداشىپ بايا كەلگەن يول بىلەن توغرا كوچىغا چىقتى. قىز غەربكە ماڭدى.

— ئۆيىڭىز مۇشۇ ياقتىمۇ؟ — ئامىلجان خاتىرجەمسىزلەندى، — بىردەم ماڭساق پەيچۇسونىڭ ئالدىغا بارىمىز جۇمۇڭ.

— قورقۇنچاق، — قىز كۈلۈپ قويۇپ ئامىلجاننى قولتۇقلىۋالدى، — بايا تىنىقى ئەلپازىڭىز بىلەن ساقچىلارنىمۇ ئۇرۇۋېتەرسىز هەقچان. بىزنىڭ ئۆي پەيچۇسونىڭ ئۇ تەرىپىدە، چاندۇرماي ئۆتۈپ كەتسەك بولمىدىمۇ؟

ئامىلجاننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، دادىل قەدەملەر بىلەن قىزغا بويسۇندى. قىزنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان شېرىن پۇراق، بىلىكىگە تېگىپ تۇرغان يۇمشاق بەدەن ئۇنى شېرىن خىياللار قوينىغا ئېلىپ كەتتى: «كاساپەتنىڭ ئۇزلۇقىنى، كۆلۈشلىرىچۇ تېخى، تەلپىمىگە ئۇنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈۋالسام، بۇنىڭدىن كېيىن كوچىلاردا جاپا تارتىپمۇ يۈرمەسمەن». ئاندىن ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بولىدىغان ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى...

— كەلدۇق، — ئامىلجان قىزنىڭ ئۇنلۈك ئاۋازى بىلەن خىيالىدىن سەگىپ ئالدىغا قارىدى. قارىدى - يۇ، چۆچۈپ كەتتى: قىز ئۇنىڭ بىلىكىنى ئىككى قوللاپ قاماللاپ پەيچۇسونىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇتۇپ تۇراتتى.

— كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ كۆرۈۋال، سەندەكلەرنى ئەكىلىدىغان ئۆي مۇشۇ!

ئامىلجاننىڭ يۈرىكى قارت قىلدى-دە، قىزنى زەرب بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ بەدەر قاچتى. كەينىدىن قىزنىڭ غالىبانە كۈلكىسى ياڭراپ قالدى.

# چۆچەكنى ئېيتساڭچۇ يەنە

ئەركىن داۋۇت

## ئېسىڭدىمۇ بوۋا، بالىلىق

تىك چوققىنى باغاشلىغان چىلەك،
ماموق قارغا ئوخشايتتى چېچىڭ.
نەقىش بولۇپ ئويۇلغان كۆركەم،
يۈرىكىمگە ئوتلۇق ھېكمىتىڭ.
ئېغىزىمنى كېزىدۇ پات-پات،
بىر زاماندا قويۇلغان ئېتىڭ.

ئېسىڭدىدۇر بولجا تېرەكنىڭ
شاخلىرىغا چىقىۋالغىنىم.
ئاق قۇشقاچنىڭ تۇخۇملىرىنى-
چاڭگىلىدىن تېپىۋالغىنىم.
كەتكىلى ھېچ ئۇنىماي ئۆيگە،
تېپىچەكلەپ يېتىۋالغىنىم؛

مۆكۈۋېلىپ بولۇق چۆپلۈككە،
ھاۋشىغىنىم كۈچۈكىنى دوراپ.
رەگەتكىنى ئېلىپ قولۇمغا،
تومۇچۇقنى يۈرگىنىم ئوۋلاپ.
كۆتكىنىمدەك بولغاندا ھەر ئىش،
سەكرىگىنىم خۇشلۇقتا توۋلاپ...

نېمە دېگەن شېرىن ئۇ كۈنلەر،
سەنمۇ ئۇنى ئۆتكۈزگەن باشتىن.
ھەۋەسلىنىپ يېشىل دۇنياغا،
تۆت قولاقنى ئىزدىگەن قاشتىن.
چاك كەلتۈرۈپ توپىلىق يولنى،
ئوت چىقىرىپ ئوينىغان تاشتىن.

چۆچەكلىرىڭ قىزىقتى-قىزىق،
قەدەمدىلا ئۇچرايتتى توشقان.
سۈيى سۈزۈك ساپ ھاۋالىق باغ،
قوزغار ئىدى مەندە ھاياجان.
قارا نىيەت ئېسىلىپ دارغا،
دوستلار ئىناق ياشايتتى ئامان.

دىققىتىمنى ئوغرىلاپ قۇلان،
ئاستاغىنا قاچاتتى يىراق.
ئاينى بېسىپ مۇزلۇق باغرىغا،
ۋىلىق-ۋىلىق كۈلەتتى بۇلاق.
ئىچى تارلىق دەستىدىن بىراۋ،
قوتۇر بېسىپ بولاتتى ئاۋاق.

كۆپنى كۆردۈڭ، كۆپنى بىلدىڭ ھەم،
چۆچەكنى ئاڭلايچۇ يەنە.
ئۇرغۇتىدۇ مىسكىن كۆڭۈلنى؛
داۋاملىشىپ بارسا ئەنئەنە.
سېھرىي كۈچكە بايسەن ئەزەلدىن،
گەپ ئوينىتىپ قىلمىدىم تەنە.

خىسلىتىڭگە، ياقەي ئۆزۈڭگە،
ئىچ-ئىچىمدىن ئامراقمەن، ئامراق.
ئۇنىتالغۇنىڭ ئۇنى بوشلۇقتا
كۆتۈرۈلدى ھويلاڭدىن ياڭراق.
جىمجىتلىقنى تاشلاپ سېۋەتكە،
ئۆتكۈزگۈلۈك ئۆمۈرنى شۇنداق.

## توقۇمىچى قىز

ئۆمۈچۈكتىن ئۆگەنگەنمۇ سەن،
تور توقۇشنى، كەشتە تىكىشنى.
تام ياقىلاپ ناگان-ناگاندا،
دېرىزىنى يېنىك چېكىشنى.
لېرىكىنى غىدىقلاپ قويۇپ،
ئۈن-تىنسىزلا ئاستا كېتىشنى.

قولۇڭ ئەپچىل، ھەرىكىتىڭ سىلىق، تورنى ئەمەس، توقۇپسەن مېنى،
تور توقۇيسەن ھەممىنى تەقلەپ. يىپلىرىڭغا بەستىمىنى قېتىپ.
كىيىندۇرۇپ گۈلنى، بىزىرگۈتنى، بىر دۇەتمە كەلسە خىرىدار،
يوقنى ئۆزمەي تۇرىسەن سەپلەپ. ئاشۇ تورنى ھەرگىزمۇ سېتىپ.
مەست ئەيلەيدۇ دىلنى تىۋىشىڭ، بولدى ئايان چۇشۇمگە تەقدىر،
قولىقىمنىڭ يېنىدا لەيلەپ. ئەككىمىزنى قوشۇپتۇ چېتىپ.

## ئۇخلىغان ئاي

قانات قېقىپ چىللىدى خوراز،
ئاق قەغەزدەك يورۇدى ئالەم.
تولدى نۇرغا، تولدى سۆيگۈگە،
مەشۇت بىلەن توقۇلغان خانەم.
قارلىغاچ قىز قايرىلدى زەپ ئۆز،
بولمىغاچقا ئۇنىڭدا ھېچ غەم.

پەنجىرىدىن چىقىرىپ باشىنى،
شاش سۇمبۇرغىدەك تىكىلدىم يىراق.
قىلدى تەقدىم يوتلۇق كۆيىنى،
قۇلىقىمغا كۆمۈشرەك بۇلاق.
مۇجۇپ ـ مۇجۇپ سۆيدى قۇياشنى،
قىردا ئۇسساپ سارغايغان قىياق.

ئۇچۇپ قېچىپ قولۇمدىن ئاقۇ،
يۇلتۇزنى پاھ، چوقۇدى شۇدەم.
يېزا يولى باراڭلىق ھويلا،
يىگىچە تۈس ئالدى دەممۇ دەم.
كاۋاپ سېلىپ قارا پاقلاننى،
داستىخاننى كەڭ يايدى ھەدەم.

كەلدى ئېلىپ توختىباي ئاكا،
ئورمانلىقتا ئۇخلىغان ئاينى.
ئۇنىڭ بىلەن ئىچىشتۇق خوش دەپ،
ئات قېنىدەك دەملەنگەن چاينى.
نەغمە-ناۋا قاپلىدى يەردىن،
تىترىتىپ دالا ھەم سايىنى.

گۆھەر كەبى پارقىراپ ئانار،
چاك ـ چېكىدىن يېرىلدى ھەيھات.
يايلىنى ئويىنىتىپ ئەركىن،
ئەجەب ياڭراق كىشنىدى بوز ئات.
سالا ئېيتتىم، جۇپ ... جۇپ يىگىت ـ قىز،
قىزىلگۈلگە كۆمۈلدى قات-قات.

## ... قوغلايمىز قاچان

يىرىدىن قانىنىڭ ئوغلى تۇيۇقسىز،
قالدى يېتىپ يەتمەستىن ئاش-نان.
كۆزلىرىدە نۇردىن ئەسىر يوق،
چۆگىلەيدۇ ئىنگىدا جاھان.
تىنار لېكىن قىمىر قىلماس ھېچ،
قول، پۇتىدا قالمىغاندەك جان.

«نېمە بولدۇڭ ئاھ، جېنىم ئوغلۇم»،
ئانا يىغلار ئۇنى بوغۇلۇپ.
يۈرەكلىرى خۇدادى ئامىنۇردا ـ
قىسقان كەبى رەت-رەت مۇجۇلۇپ.
دەلدەگشىيدۇ ماغدۇرسىزلىنىپ،
ئوڭ-سولغا رەتسىز بۇرۇلۇپ.

دادا ماڭار «خۇدا ـ خۇدا» دەپ،
چاقىرغىلى باخشى ھەم داخان.
يوقالغاندەك بىرەر نەرسىسى،
دەسسەپ ئېغىر، كۆڭلى پەرىشان.
ئۆزۈن، ئۆمۈر تىلەپ ئوغلىغا،
پېتىپ چوكقۇر خىيالغا شۇئان.

كونا يولنى تاشلىماپتۇ ئۇ،
مېنى بۇ ھال قالدۇردى ھەيران.
تالار، ئەۋج مۇشۇنداق يوسۇن،
سەل قارىساق سالماستىن چۇقان
نادانلىقنى — تەقدىرچىلىكنى،
تارىمىزدىن قوغلايمىز قاچان.

## سەھەر

**ئابدۇقادىر سادىر**

يەكشەنبىسى، ھېيتى-ئايىمى،
بار ئەزەلدىن ھەر يىل، ھەپتىنىڭ.
دۇخشىمايدۇ ھوزۇرى — زوقى،
بۈگۈن بىلەن گۆزەل ئەتىنىڭ.

كېلەر يۈكلەپ «شىكەر شەنبە» لەر،
تۈمەن دىلنىڭ تىلەكلىرىنى،
چىلاشتۇرۇپ ۋىسال جامىغا،
ئاشىق — مەشۇق يۈرەكلىرىنى.

دەملەپ قويۇپ گاھى سىنچايىنى،
يەكشەنبىلەر ئۆتەر سۆھبەتتە.
پەيزىمىنى سۈرەر بەختىنىڭ،
تالاي جانلار تانسا — مەشرەپتە.

ئاقسا گاھلار بولۇشۇپ جۈپ — جۈپ،
يەكشەنبىدە كۆلۈپ، باغلارغا،
گاھى ئايغا ھەمراھ ئاشىقلار،
چىقىشمايدۇ شېھىردىن چاغلارغا.

دىلدا دەريا ھېيت شادلىقى،
دولقۇنىدا ئۈزەر تۈمەنلەر.
بىلەمدىكىن بەخت قەدرىنى،
پەقەت ئاشۇ جۈپ — جۈپ يۈرگەنلەر.

ئۆتتى قانچە شەنبە، يەكشەنبە،
كۆتۈپ ئۇنى نىگارى تەنھا.
قېلىپ قالدى قانچە — قانچە سىر،
يۈرىكىدە بولۇپ مۇئەممما.

دىلخاھ قېلىپ ئەتكەن تائاملار،
قالدى نەچچە دۈملىگەن پېتى.
كۆتۈشلەردىن ئاتتى تالاي تاڭ،
سۆيۈشلەرنىڭ ئازلاپ بەركىتى.

تاشلىنىۋەتتى بوتناپ نىگارى،
تاپمىدى ئۇ سۆيگۈدىن ۋىسال.
يولىمىدى قەلبىگە بىراق،
ئۆكۈنۈشتىن تۇغۇلغان سوئال.

قانچە ئايەم، نەچچە يەكشەنبە،
كەتتى ئۆتۈپ ئۇنىسىز — تىنۋشسىز.
تىنچلىققا مۇھتاج دىللارنىڭ
قات — قېتىدا قالدى سانسىز ئىز.

پەخرى بىلەن كېيدى قاي كۈنى،
فورمىسىنى ساقچىنىڭ يىگىت.
شۇندىن بېرى يەكشەنبىلەرنىڭ،
پەيزىسىگە قويۇلدى چېكىت.

## ياشىسۇن

(مۇھەممەد تجان راشىدىنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىغا تەقلىد)

**ئابدۇللا ناسىر**

بىزدە بايىدىن نامرات تولا، توق ئەمەس،
نامراتلارنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن.
جۇلدۇر كېيىپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس،
ئاشۇلارنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن.

ئەل غېمىنى ئۆز غېمىم دەپ كۆيۈنۈپ،
جان تەسەددۇق ئەيلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئەلنىڭ ئىشەنچ، ئۈمىدىنى ئۇلۇغلاپ،
ئەل قەرزىنى تۆلىگەنلەر ياشىسۇن.

پۇلنى كۆرسە ئىنساب قاچقان زاماندا،
خالىس نىيەت ئىشلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئەقلى بىلەن يېڭىپ بالا نەپسىنى،
ھارام پۇلنى سۆيمىگەنلەر ياشىسۇن.

نامرات ياشاش راۋا ئەمەس مىللەتكە،
ئەل يېتەكلەپ كۆكلىگەنلەر ياشىسۇن.
ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىپ،
مال - دۇنياغا كۆيمىگەنلەر ياشىسۇن.

ناپاكلىقنىڭ يىلتىزىغا تىغ چېپىپ،
ھەيۋىسىنى چەيلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئاۋام ئۈچۈن چۇقان سېلىپ مەردانە،
ئادالەتنى كۈيلىگەنلەر ياشىسۇن.

تۆرەلمىگەن ئىنسان ئەسلى جاپاغا،
جاپا چېكىپ ئۆرلىگەنلەر ياشىسۇن.
بۇ دۇنيادا راھەتنىڭكى چېكى يوق،
«ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن».

ئەمەل تەگسە ئۇنتۇپ قالماي ئەسلىنى،
كەيپى - ساپا سۈرمىگەنلەر ياشىسۇن.
نامراتلارنى ھاللىق قىلىش ئويىدىن
ئۆزگە خىيال سۈرمىگەنلەر ياشىسۇن.

بەخت بىلەن جاپا دايىم قوشكېزەك،
بەختسىزگە كۈلمىگەنلەر ياشىسۇن.
ھەر دوقمۇشتا كۈتەر سېنى مىڭ سىناق،
خۇشامەتكە كۆنمىگەنلەر ياشىسۇن.

پۈتۈلمىگەن پېشانىگە نامراتلىق،
نامرات ئۈچۈن سۆزلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۇلغايتىشچۇن يوقسۇللارنىڭ ئوتىنى،
«ئوچىقىنى پۈلىگەنلەر» ياشىسۇن.

بارسا زاۋۇت، ئېتىز، يايلاق چۆگىلەپ،
كاتتا سورۇن تۈزمىگەنلەر ياشىسۇن.
ئىشچى، دېھقان-دىلكەش بىلەن سىر دېيىشىپ،
كەيپىدە تونىمىگەنلەر ياشىسۇن.

بىلىملىكنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ،
نادانلىقنى تۈزلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئەلنى كۆزلەپ، مىڭ جاپادا ياراتقان-
مېھنىتىنى كۆممىگەنلەر ياشىسۇن.

ئەجدادلارنىڭ ئارمانىغا ۋارىس بوپ،
كەلگۈسىنى كۆزلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئىنسان ئۆلەر، لېكىن ئۆلمەس بەزىلەر،
ئەل قەلبىدە ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن!

## ئىككى شېئىر

**مەھەممەتئىمىن غوپۇر**

### سېنى سۆيمەك قارارىم

قۇچىقىڭدا چوڭ بولدۇم سەھرا،
سەن بەختىمنى قىلدىڭ تەۋەللۇت.
كېچە - كۈندۈز بوپكەلدىڭ ھەمراھ،
ئەقىدەمگە تىلەپ ئامەت - قۇت.

قۇياش سۆيگەن ھەر چىمدىم توپاڭ،
كۆزلىرىمگە سىڭدى باشقىچە،
سەن قەلبىمدە يېتىلدۈرگەن ئاڭ،
چاپچىماقتا مۇشۇ ياشقىچە.

يارقىنلىقىنىڭ نۇرى چاقنىغان
سەلكىنلىرىڭ ئۆپمەكتە مېنى.
ۋۇجۇدىغا سۆيگۈ يامرىغان-
بىر پەردىشتە كۆرسىتىپ سېنى.

يىلدا بىر رەت كەلسىمۇ باھار،
باھار گويا سەندە قىش ۋە ياز.
سۈيىملەرنى سۆيسە تاڭ ناھار،
سايراپ كېتەر كۈيچىلىرىڭ ساز.

خۇش ھىدلارغا تولغان باغلىرىڭ،
ھېسلىرىمنى سىلكىتسە ئەجەب.
ئېستەكلەردە كۈلگەن چاغلىرىڭ،
تومۇرۇمدا ئاقار كۈۋەجەپ.

ئانا دەيمەن شۇڭا تىۋىنىپ،
سەن ئانامغۇ مېنى چوڭ قىلغان.
تالاي يىللار پەپىلەپ بېقىپ،
ئاق سۈت بېرىپ ئاخىرى ئۇلۇغ قىلغان.

سەندە چىقتى ئايغىم، تىلىم،
سەندە بولدۇم ئۇچقۇرما قانات.
سەندە چىقىپ بۇ يۇمران بىلىم،
مەنزىل تامان چاپتۇردۇم ھەم ئات.

سېنى مەڭگۈ سۆيۈپ ئۆتىمەن،
سەندە چېچەك ئاچتى ھۆر بەختىم.
قۇچىقىڭنى گۈلگە ئورايمەن،
بۇ دىلىدىكى قارارىم - ئەھدىم.

## زارلانمايمەن قىسمەتلىرىمدىن

مەيلى ماڭا كەلسۇن دەرد - ئەلەم،
مەيلى مېنى باسسۇن توپا - چاڭ.
مەيلى ماڭا گۈل تۇتقان سەنەم
ئاتا قىلسۇن بىر نەپرەتلىك ئاڭ.

مەيلى بۈگۈن كۈلۈپ باققانلار،
ئەتە ئاچچىق كۈلىيىپ باقسۇن.
مەيلى بۈگۈن لېۋىدىن ياققانلار،
مەيلى ئەتە ئۆزگىگە ياقسۇن؛

مەيلى بۈگۈن دوستۇم دېگەنلەر،
مەيلى ئەتە قارىماي كەتسۇن.
مەيلى بۈگۈن نېنىم يېگەنلەر،
ئەتە كېلىپ قەددىمنى ئەگسۇن؛

مەيلى يىغلاپ ياشاپ يا كۈلۈپ
باغلار بىنا قىلاي تەرىمدىن.
مەيلى غەمگە كېتەي بوغۇلۇپ،
زارلانمايمەن قىسمەتلىرىمدىن.

## ئانار يۇرتى بەرگەن ئىلھاملار

### ھېبىبۇللا بەكرى

(بۇ يىل چىرىدا ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى مەزگىلىدە چىرا ناھىيىسىنىڭ چەت - يىراق يېزا - قىشلاقلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، ئانار يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى، ئىشچان چىرالىقلارنىڭ ئىجاد - مېھنەتلىرى مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى، شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.)

## ئانارلىق قەسىدىسى

ئانارىڭغا تەگكەنتىم ئېغىز، يۈرىكىمگە چۈشكەنتى غەۋغا،
باغلىرىڭنى كەزمەي بىر قېتىم. قىزلىرىڭنى كۆرمەي بىر قېتىم.

قوشۇقۇڭدا ئىچكەنتىم ئۇماچ،
بىر كەچمىشكە تولدى ۋۇجۇدۇم.
يىگىتلىرىڭ پەرھاتقا مىسال،
ھۆرمىتىڭگە مەي قەدەھ تۇتتۇم.

ھەمراھ ماڭا تونۇش كوچىلار،
قۇمساڭ تۇپراق سۆزلەيدۇ قىسسە.
ئۆتتۈم «كۆرەش» ئۇستىڭىدىن مەن،
قۇلىقىمدا تاتلىق قەسىدە.

ئەنە مەڭزى ئاناردەك قىزلار،
ئۇسما قويغان قېشىدا باھار.
مەجنۇن تالدەك چاچلىرى گويا،
يۈرىكىمدە تاتلىق ھېس قوزغار.

ئانار يۇرتى ئانامدەك گويا،
ۋۇجۇدىدىن بەردى كەڭ قۇچاق.
بىر - بىردىن قايناق تۇيغۇلار،
يۈرىكىمدە، ئاھ، ئوتلۇق پىراق.

تىنىقلىرىم ئانار چېچىكى،
تومۇرۇمدا ئانار شەربىتى.
ئەنە گۈلدەك خۇشال چىرايلار،
كۆز ئالدىمدا مېھنەت سۈرئىتى.

مۇشۇ يۇرتتا قالدى يۈرىكىم،
ئايدە بوپ ئانار قىزىغا.
مىسرالىرىم كەتتى ئەلچىدەك،
ئىنتىزارمەن ۋىسال يولىغا...

## بەخت كارىزىغا

(بوستان يېزىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار پەرھاد روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىڭ مېتىردىن ئارتۇق تاغنى تېشىپ كارىز ياساپ، سۇ ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا «بەخت كارىزى» دەپ نام قويۇپتۇ.)

كۆز ئالدىمدا چۆچەكتەك سۈرەت،
ھاياجاندا سوقتى يۈرىكىم.
ئىشچان خەلقىم مېھنىتى بىلەن
ئىشقا ئاشقاچ ئارزۇ - تىلىكىم.

ئاشۇ مەغرۇر مەزمۇت تاغلارمۇ،
ئىشچانلارغا بولالماپتۇ دال.
تاغ چۈشىنى بۇزۇپتۇ ئۇلار،
ئەل بەختىدىن ئېچىپ يېڭى پال.

تاغ باغرىدىن ئېقىپتۇ زەم - زەم،
ھاياتلىقنى كۆركەم گۈل قىلىپ.

قۇمساڭ تۇپراق تېپىپتۇ ۋىسال،
ئەل تەرىدىن شان - شەرەپ ئېلىپ،

ۋۇجۇدۇمنى سالدى لەرزىگە،
ئاددىي قوللار پۈتكەن مۆجىزە.
شۇئان كەلدى پەرھاد ئېسىمگە،
ئەنە ئۆتمۈش، تاتلىق مەنزىرە.

بارىكاللا ئەي دېھقان ئاتا،
سۆيۈپ قوياي قاداق قولۇڭنى.
ئىزلىرىڭغا گۈللەر چېچىمەن،
پاياندازغا ئوراپ يولۇڭنى.

## بۇ يۇرتنىڭ شائىرى كۆپ، كۈيچىسى كۆپ

(ۋىلايىتىمىز بويىچە چىرا ناھىيىسىدە قەلەمكەشلەر بىر قەدەر كۆپ، بۇ شېئىرىمنى ئاشۇ قەلەمداشلارغا بېغىشلايمەن)

بۇ يۇرتنىڭ شائىرى كۆپ، كۈيچىسى كۆپ،
بۇ يۇرتنىڭ خەلقى شۇنداق شائىر خەلق.

بۇ يۇرتنىڭ ھۆسنى ئىلھام، مېھرى داستان،
بۇ يۇرتنى شائىر يۇرتى دېسە ھەقلىق،

بۇ يۇرتنىڭ شائىرى كۆپ، كۈيچىسى كۆپ،
ھەر ئانار چېچەكمۇ سۆزلەر تاتلىق.
قۇشۇقلار ئۆتمۈشلەردىن ئاچىدۇ پال،
كۆكلەمدىن ناخشا بىلەن ئايان ياشلىق.

بۇ يۇرتنىڭ شائىرى كۆپ، كۈيچىسى كۆپ،
كۈي بىلەن باشلىنىدۇ قۇتلۇق سەھەر.
ھەر سورۇن شائىرلارغا ئاچار قۇچاق،
شېئىردىن زېمىن كۈلەر، ئادەم كۈلەر.

بۇ يۇرتنىڭ شائىرى كۆپ، كۈيچىسى كۆپ،
كۈيلەيدۇ ئۇلار ئۇلۇغ ئانىلارنى.
چۆللۈكتە ھاياتلىقنى بىنا قىلغان،
توغراقتەك مەزمۇت، ساددا ئاتىلارنى.

بۇ يۇرتنىڭ شائىرى كۆپ، كۈيچىسى كۆپ،
بۇ يۇرتنى كۆرۈپ مەنمۇ قەلەم ئالدىم.
بۇ يۇرتتا ئىلھام ئوقچۇپ تۇرىدىكەن،
بۇ كېچە شېئىر بىلەن تۈنەپ قالدىم...

# شېئىرلار

توخسۇن ھۇسەيىن

## پىشۇرىمىز غورىدىن ھالۋا

قويۇپ تەنھا سېنى بۇ يەردە،
بىلىم ئىزدەپ ماڭدىم ئامرىقىم.
كۆزلىرىڭ ياش، يۈزۈڭدە بولۇت،
توختاپ قالدى شۇتاپ تىنىقىڭ.
يۈرەككە ئوت ئالدى «گۈپ» قىلىپ،
جۈپ كۆزۈڭدە شەبنەمنى كۆرۈپ.

بولدى تېنىم ئۈششۈگەن ياپراق،
تىرىلدىم ھەم نەچچە مىڭ ئۆلۈپ.
تۆكمىگىن ياش، سۈرتكىن كۆزۈڭنى،
مېنىڭ ئۈچۈن پىراق يەپ قالما.
سەۋرى قىلغىن چوقۇم بىر كۈنى،
پىشۇرىمىز غورىدىن ھالۋا.

## قەدىرلەيمەن سۆيگۈمنى ئەبەد

ئوقۇش ئۈچۈن، بىلىم يۇرتىغا —
سېنى تاشلاپ ئالدىم يول - سەپەر.
باغرىڭ زەرداب، كۆزلىرىڭدە ياش،
قىيالماستىن قېپ قالدىڭ دىلبەر.
سەپىرىمگە تىلە ئۇتۇق - قۇت،
چەكمە ھەسرەت مەن ئۈچۈن ئۈنچە.

مۇھەببىتىم بولسۇن ھەمرىيىڭ،
كۈتكىن مېنى قايتىپ كەلگىچە.
سۆيمىگەيمەن سەندىن ئۆزگىنى،
دىلخانەمدە بىرلا سەن پەقەت.
پۈتكىن ماڭا قەلبىڭدىن تولۇق،
قەدىرلەيمەن سۆيگۈمنى ئەبەد.

## تېمىسىز

ئېھ جانان،
سېنى كۆرۈپ باشلاندى دىلىغا
پاك سۆيگۈدىن مەڭگۈلۈك باھار.

ئۈزۈۋالدىم لىۋىڭدىن گىلاس،
جۈپ مەڭزىڭدىن بالقىدى ئانار.

## ئىككى غەزەل

### مۇھەممەتئىمىن قۇربانى

1

قاچانكىمخۇش كۈلۈپ ناز ئىلكىدە جامىڭنى تۇتقانسەن،
شارابىنىڭ تەپتىدىن كۆيگەن يۈرەك، مەيلىمنى ئۇتقانسەن.
سېنى كۆرمەستە بۇ كۆڭلۈم ئىدى گويا قاراڭغۇ تۈن،
بولۇپكى سۇبھىدەم چىققان قۇياش، دىلنى يورۇتقانسەن.
ئەجەب ئىش سەن كېتىپ بىر كەلمىدىڭ باغرىمنى قان ئەيلەپ،
قىلىپ ئىشقىڭ ئارا مەجنۇن مېنى ئەلگە تونۇتقانسەن.
كېچە ـ كۈندۈز سېنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن تۆكمەكتىمەن كۆز ياش،
يۈرەكتىن بارچە دۇنيا مېھرىنى مەڭگۈ سوۋۇتقانسەن.
ھېجىر سەھراسىدا يۈرگەن غېرىب قۇربانى يىغلايدۇ:
«سېنى مەن ئەسلىدىم ھەرچاغ مېنى بەلكىم ئۇنۇتقانسەن...!»

2

جېنىم رىشتى پايانداز يولۇڭغا خۇش بېقىپ كەلسەڭ،
قاناتتى چاڭقىغان باغرىم سۆزۈك سۇدەك ئېقىپ كەلسەڭ.
توسۇپ كۈننى قارا چاچىڭ قاراڭغۇ بولسا بار ئالەم،
كېرەك يوق، كۆزلىرىڭدىن نۇر چېچىپ كىرپىك قېقىپ كەلسەڭ.
نىگاھىڭ ئەيلىگەي بارچە كۆڭۈلنى مەستۇ ـ مۇستەغرەق،
ھەسەتتىن ھۆرى ـ غىلمانىڭ دىلىغا ئوت يېقىپ كەلسەڭ.
يۈرەك ئويناتتى دولقۇنلۇق دېڭىزدەك بىتىنىم ھەر چاغ،
ھەسەتخور باشىدا چاقماق بولۇپ بىر رەت چېقىپ كەلسەڭ.
ئەلەمدىن بوغۇلۇپ بىر كۈن رەقىبلەر قان قۇسۇپ ئۆلگەي،
كۈلۈپ قۇربانغا ئۇتلۇق قۇچاقىڭنى ئېچىپ كەلسەڭ.

◁..........................................▷

## پەرىشتىلەرى سىلەر كۈلۈپ نىڭ

### ئەنۋەرجان سادىق

سېغىنىمەن نېچۈن سىلەرنى،
سېغىنىشنى سالدىمۇ تەگرى؟
ئەي، سۆيۈملۈك پادىلار يولى،
ئەسلەت ماڭا پادىچى كۈيىنى،
ئەسلەت ماڭا غېرىب كۈلبەمنى.

ياخشىمۇ سەن؟
مايلىشاڭغۇ دوپپىلىق دادا،
كەتمىنىڭنى يۈرەمسەن كۆتۈرۈپ،
قېچىپ كەتكەن سۇنى تۇتالماي.
سەن ئاۋارە بەلكىم ئەي ئانا،
بىر قولۇڭدا
تەڭلىدىكى ئەيلەگىسىز خېمىر.

بىر قولۇڭدا يىغلاڭغۇ ئوكام.
ياخشىمۇ سەن؟
چىت كۆڭلەكلىك جاپاكەش سىڭلىم،
سېۋەتىڭنى،
توشقۇزالماي يۈردۈڭ ئېھتىمال،
قوناقلىقتا تەرگە چۆمۈلۈپ.
ياخشىمۇ سەن؟
چېقىر كۆزلۈك قەدىرلىك ماشكا،
ياخشىمۇ سەن؟
ئوچاق بېشىدا مۈگدىگەن مۈشۈك.
بولغانسىلەر بەلكىم ئۇچۇرما،
تورۇسىتىكى قارلىغاچ باللىرى.

# تەقدىرنى ئۆزگەرتكەن كىشىلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)



مۇھەممەتئىمىن سابىر

بىر خىل ئەقىدە بويىچە ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىر - قىسمىتى لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگەنمىش، بۇ ئىلاھقا تالىق تىلسىم بولۇپ، بەندىلەرنىڭ ئۇنى بىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەسمىش. بەزىلەر بۇنىڭغا چۈمپۈتىدۇ، بەزىلەر پۈتمەيدۇ. ئۇنداقتا، ھەر بىر جامائە، ھەر بىر يۇرتنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ھەم تەقدىرى ئەزەلدە پۈتۈلۈپ بېكىتىلگەنمىدۇ؟ بۇ ناتايىن. ئۇنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسمىدۇ؟ بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى پاكىت جاۋاب بەرسۇن، گەپ مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ —

## شۇنداق بىر يېزا بار

«...سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول، يېزا تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 11 دەريا - ئېقىن بار، يىللىق ئېقىن مىقدارى 80 مىليون 900 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ... دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان ياقا باغ تاغلىرىنى يىل بويى قار - مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ. ئېرىگەن قار سۈيىدىن ھاسىل بولغان دەريا - ئېقىنلار ئاساسىي سۇ مەنبەئىي ھېسابلىنىدۇ.» بۇ يېزىنىڭ سۇ بايلىقى ھەققىدە «چىرا ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى» دە ئەنە شۇنداق يېزىلغان. 11 دەريا - ئېقىن، 80 مىليون كۇب مېتىر سۇ! نەقەدەر كۆپ-ھە! ئالاھىزەل ھەر بىر كەنتكە بىردىن دەريا، ھەر بىر كۈنگە 200 نەچچە مىڭ كۇب مېتىر سۇ توغرا كېلىدۇ! ئەمما بۇ قەغەز يۈزىدىكى ھېساب، ئەمەلىيەتتە، سۇنىڭ پەسىللەرگە تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشىسىز بولۇپ، بۇ يەردە قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرى ئېچىدىغان سۇ تېپىشمۇ بىر قىيىن ئىش.

— تاغلىرىمىزدىن قار كەتمەيدۇ. دەريا - ئېقىنلىرىمىزمۇ شۇنچە كۆپ، لېكىن بىزدە سۇ قىس، «ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار بىللە سۇ ئىچىدۇ» دېگەن ھاقارەتلىك نامىمىز بار ئىدى، — ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان، كۆزلىرىدىن قەتئىيەت چىقىپ تۇرىدىغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مەتتوختى ئەيسا بىر خىل ھەسرەتلىك تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — دېمىسىمۇ

راست، بەزى قىش پەسىللىرى كۆل سۈيى توڭەپ كېتىپ، كۆل تېگىدە قالغان مۇزنى ئۆلچەپ، ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتۇق...

ئادەمنى شۇنچە غەيرىي تەبىئىي ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدىغان بۇ يۇرتنىڭ نامى ـ شەرەپى «بوستان يېزىسى». بوستان يېزىسى بۇرۇن «ئىماملا» دەپ ئاتىلاتتى. 1977 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇست كۈنى نۇرى يېزىسى (ئەينى چاغدا نۇرى گۇڭشې) دىن ئايرىلىپ يېزا بولۇپ قۇرۇلدى ۋە «بوستان يېزا» دەپ (ئەينى چاغدا بوستان گۇڭشې) ئاتالدى. بوستان يېزىسى كۇئېنلۇنتىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، چىرا ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 87 كىلومېتىر، ئاددىي تاشيول مۇساپىسى 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر 13 مەمۇرىي كەنت، 1371 ئائىلە، 5679 نوپۇس، 1283 ئەمگەك كۈچى بار. 28 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 898 مىڭ مو يايلاق بولۇپ، چارۋا مېلى 42 مىڭ تۇياققا يېتىدۇ.

بوستان يېزىسىدا تەبىئىي شارائىت ناچار، تۇرمۇش جاپالىق، پۈتۈن يېزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3940 مېتىر كېلىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى قىسقا، يىلدا پەقەت بىر قېتىم ھوسۇل ئېلىشقا بولىدۇ؛ سۇنىڭ پەسىللەرگە تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشىسىز، ياز پەسلىدىن ئۆزگە چاغلاردا ئېقىن سۇ دائىم دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالىدۇ؛ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يانتۇلۇقى يۇقىرى، ماشىنىلاشتۇرۇش زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم كەلكۈن، سەل، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ قاتناش قولايسىز، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى يوق؛ يېقىلغۇ مەنبەسى قىس، تۆۋەن ئېقىندىكى ئاھالە چۆل، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى، يۇقىرى ئېقىندىكى ئاھالە ھايۋانلارنىڭ ياغ ـ تېزەكلىرىنى يېقىلغۇ قىلىشقا مەجبۇر. بۇ يېزىدا ئەمگەك كۈچى ئاز، 1283 نەپەر ئەمگەك كۈچى 28 مىڭ مو يەرنى كۆكەرتكەن، 42 مىڭ تۇياق چارۋىنى باققاندىن سىرت، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، يول قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشتەك نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق.

بوستانلىقلار زامانلاردىن بېرى پەلەك تەرىپىدىن ئۆگەيلەنگەن مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلدى، پەلەكنىڭ ئوڭ كۆزدە قارىشىنى، كاج تەقدىرنىڭ ئۆزگەرىشىنى ئارمان قىلىپ، قەد كۆتۈرۈش ئىستىكىگە تولۇپ ياشاپ كەلدى. ئازادلىق تېڭى ئاتقاندا، ئۇلار يەرگە، سۇغا، چارۋا ـ مالغا ئىگە بولدى، ئىنسانىي ئەركە ئىگە بولدى، ئارمانغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. لېكىن بۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا سىياسىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇق قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئۇزاق ۋاقىت كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئۇلار بۇنى كېيىنرەك تونۇپ يەتتى: 1978 ـ يىلغا كەلگەندىمۇ، بۇ يەردە ھەر بىر دېھقان ـ چارۋىچى نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىم ئاران 60 يۈەن خەلق پۇلى ئىدى! ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇلار تولۇپ ـ تاشقان غەيرەتكە كەلدى، ئۆزلىرىنىڭ نامـ

راق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەكشىما يىلاپ ئىشلەشكە كىرىشتى. سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھېسابسىز قان - تەر تۆكتى. لېكىن، ئەجرىگە يارىشا ئۈنۈم كۆرۈلمىدى. 1986 - يىلغا كەلگەندىمۇ، نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ كىرىمى 205 يۈەندىن ئاشمىدى. كىشىنى مەيۇسلەندۈرىدىغان بۇنداق رېئاللىق ئالدىدا بوستانلىقلار روھسىزلانمىدى، بەل قويۇۋەتمىدى. كاچ تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتە ئۆزلىرىدە نېمە كەمچىلىكى ئۈستىدە ئويلىنىشقا، ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئۇلار ئاخىر بۇ سىرنى تېپىۋالدى، ئۇلار تېپىۋالغان نەرسە بىر ھەقىقەت ئىدى! يەنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈزۈل - كېسىل قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن—

## تەقدىر تىزگىنىنى قولغا ئېلىش كېرەك

1984 - يىلى كۈزدە يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى. خەلق كوممۇنىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم غوجەخمەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئۆزىنىڭ يېزىلىق پارتكوم شۇجىلىقىغا سايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. نۇرى يېزىدىسىدالى بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان، ئوتتۇرا ياش، پاكار بويلۇق ھەرئەم توختىروزى ھەم شۇ ۋاقىتتا يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ، ئېغىر يۈكنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ يەردە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم تۆۋەنلىكتىكى يېزىلاردىن تەڭ ھەسسە دېگۈدەك تۆۋەن تۇراتتى. ئېنېرگىيە يوق، قاتناش راۋان ئەمەس، خەلق ئىنتايىن نامرات — مانا بۇلارغا قۇچاق ئاچقان رەھىمسىز رېئاللىق ئىدى. ئۇلار يېزا رەھبەرلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنى يېتەكلەپ، مانا شۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بۇنى ئويلىغانسېرى، ئۆزيۈكىنىڭ شۇنچە ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشتى. «بىزدىن كۈتۈلگەن ئۈمىد يەردە قالمايدۇ» ئۇلار ئۆزىگە شۇنداق ۋەدە بېرىشتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار پۈتۈن زېھنى بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم يىغىن ئاچتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە دائىر مۇناسىپ قارارلارنى چىقاردى، يېڭى يىللىق پىلانلار تۈزۈپ چىقىلدى، كەنت رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەرتىپكە سېلىندى. خىزمەتلەر ناھايىتى تېزلا يۈرۈشۈپ كەتتى. بوستانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى رەھبەرلىرىنىڭ غەيرەتلىك، كەسكىن ئىكەنلىكىنى، خىزمەتتە سۇسلۇق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

لېكىن، ئۇزاققا قالماي، تەبىئەت رەھىمسىزلىكىنى كۆرسەتتى: باشتىن كېلىۋاتقان بىر تۈگمەنلىككە يەتمەيدىغان ئېقىن سۇ زىمىستان سوغۇقىدا ئېرىق - ئۆستەڭ بىلەن قوشۇلۇپلا ئويۇپ كەتتى. يېزا رەھبەرلىرىدىن پۇقراغىچە ھەممەيلەن مۇزنى ئېرىتىپ ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. 3 - ، 4 - ئايلاردا مەكتەپنىڭ جىا-

پادا 5000 مو يازغى بۇغداي تېرد-
ۋالىدى. 5 - ئاي كەلدى، يەنە 2000
مو بۇغداي، 5000 مودىن ئار-
تۇق قوناق تېرىش كېرەك ئىدى. ئەمما
ئۇنچە كۆپ سۇ نەدە؟ يەنىلا كونىدىن
كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئىش قىلىشقا
توغرا كەلدى: 5 - ئايدىكى سۇدىن
پايدىلىنىپ قوناق تېرىلدى. چۈنكى بۇ
يەردە 6 - ئايدا تېرىلغان قوناق
پىشمايتتى. قالغان 2000 مو يازغى
بۇغداي تېرىلغۇسىنى 6 - ئايغا قال-
دۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئەمما، ئاقيەرنى
تېرىپ بولغىچە، بۇغداي ۋەمايلىق زىرا-
ئەت بولۇپ 1000 مودىن ئارتۇق يەر-
دىكى مايسا ئۇسساپ قۇرۇپ كەتتى. تىت-
تىلىق، بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئېتىزلارنى
ئايلىنىپ يۈرگەن ئابدۇرېھىم غوجەخمەت
بىلەن ھەتەم شېرىدىن ئۈمىدلەر بىلەن ئاي-
لاپ تەر تۆككەن دېھقانلارنىڭ قۇرۇپ سا-
مانغا ئايلانغان بۇغداي مايسىلىرىغا قا-
راپ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆر-
دى. ھاياتلىق ئۈمىدىنى ئېتىزغا باغلاپ
كالىدەك ئىشلىگەن دېھقان ئۆز ئەجرىنىڭ
بىراقلا يوققا چىققىنىنى كۆرگەندە قان-
داقمۇ ياش تۆكمەي تۇرالىسۇن؟ ئۇلارمۇ
كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئۆزىنى ئاشۇ بى-
چارىلەر ئالدىدا گۇناھكارلاردەك ھېس
قىلىپ قالدى. ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق سى-
ناققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، سى-
ناققا چوقۇم ياخشى جاۋاب بېرىشىنىمۇ كۆڭ-
لىگە پۈكتى.

ئۇلار ئاشۇنداق ئېچكى تۇيغۇنىڭ تۈرت-
كىسىدە بارلىق كەنت - مەھەللىلەرنى ئا-
رىلاپ چىقتى، دەريا - ئېقىنلارنى كەزدى،
يېزا مەسئۇللىرىدىن ئاددىي دېھقانلار-
غىچە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى،
مۇڭداشتى. ئۇلار نۇرغۇن تېمىلاردا سۆز-
لەشتىمۇ، گەپنىڭ ئاخىرى ھامان قانداق
قىلغاندا قالاق قىياپەتنى، نامرات ھا-
لەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەس-
لىگە مەركەزلىشەتتى. كۆپچىلىك يەنە ئال-
دىن كېلىشىۋالغاندەك ئوخشاش جاۋاب
بېرەتتى: سۇ! بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق ئا-
ساسىي زىددىيەت. بىز سۇغا ئەمەس، بەلكى
سۇ بىزگە ھۆكۈمران! ئۇلار نۇرغۇن تەك-
شۈرۈش، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە شۇنى چۈ-
شىنىپ يەتتى: جۇغراپىيىلىك شارائىت
ھەر قانداق جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇر-
مۇش سەۋىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل
قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. قىياپەتنى، نام-
راتلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن
شارائىتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. سۇغا ھۆ-
كۈمران بولۇش، سۇنىڭ تىزگىنىنى قولغا
ئېلىش كېرەك. مۇشۇ تىزگىن قولىمىزدا
بولسا، تەقدىرنىڭ تىزگىنى قولىمىزدا
بولغان بولىدۇ! ئەمىسە، بوستانلىقلار
نېمىشقا ھازىرغىچە بۇ تىزگىننى قولغا
ئالالمىدى؟ ئۇلار دۆتىمۇ ياكى ھورۇنمۇ؟
ياق! ئەمەلىيەتتە—

## بوستانلىقلار ھەم ئەقىللىق ھەم ئىشچان ئىدى

بوستان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق
جاينىڭ ئون كىلومېتىرچە يۇقىرىسىدا «ئا-
را قىر كارىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ
ئىنشائاتى بار. بەزىلەر ئۇنى «تەشمە»
دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيت-
قاندا كارىز ئەمەس، بەلكى، قاراسۇ دەر-
ياسىنىڭ سۈيىنى ئاقساي دەرياسىغا ئۆت-
كۈزۈش ئۈچۈن قېزىلغان تونېل بولۇپ،
ئۇزۇنلۇقى 670 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ ئىنشائاتنىڭ قېزىلىشى ۋە تارىخى

توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار، بە-
زىلەر بۇ تەشمىنىڭ قېزىلغىنىغا
460 يىلدىن ئاشتى دېيىشىدۇ. بەزى-
لەر نىياز ھاكىمبەگ يۇرت سورىغان زا-
ماندا، ئۆز قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشتەككە-
چۈرگىسىز گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قىل-
غان نۇرغۇن ئىشلار قاتارىدا، مۇشۇ تەش-
مىنى قېزىشقا ئەمر قىلغان دېيىشىدۇ.
شۇڭا، بەزى يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى
«نىياز ھېكىمبەگ كارىزى» دەپمۇ
ئاتايدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ تەشمىنىڭ
تارىخىغا 120 يىل ئەتراپىدا بولغان بو-
لىدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ يالغان
ياكى راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە
قىلغۇدەك يازما دەلىل تېخى تېپىلغىنى
يوق. ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن، بۇ تەشمە
ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. تەشمىنىڭ ئۈستىدە
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كەڭلىكى 670 مېتر،
ئېگىزلىكى 70 - 80 مېتر كېلىدىغان ئارا
قىر داۋىنىنىڭ ئۈستىدىن، تەشمىدىن قې-
زىلغان توپا - تاشنى سىرتقا تارتىپ ئې-
لىش ئۈچۈن قېزىلغان ئۈچ دانە تىك قۇ-
دۇق ئىزناسى بۇ ئىنشائاتنىڭ تەبىئىي
تونېل ئەمەس، سۈنئىي ئىنشائات ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ھازىرقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن مە-
لۇمكى، قارا سۇ دەرياسىنىڭ تېگى ئاقساي
دەرياسىنىڭ تېگىدىن 17 مېتر چوڭقۇر،
ئىككى دەريانى ئايرىپ تۇرغان نەچچە
ئون كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاراقىر دا-
ۋىنىنىڭ ئەڭ تار يېرى دەل ئاشۇ تەشمە
ئورنى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىلىك سۇ - ئې-
لېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سۇ ئىشلىرى
ئىنژېنېرى دەي جىيوەن تەشمىنى چارلاپ،
ئۆلچەپ كۆرۈپ، ھېچقانداق زامانىۋى
ئۆلچەش سايمانلىرى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش
ئۆسكۈنىلىرى بولمىغان شارائىتتا ياسال-
غان بۇ ئىنشائاتنىڭ دەل داۋاننىڭ ئەڭ
تار جايىدىن قېزىلغانلىقى ۋە بىراقلا مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرۈلگەنلىكىدىن ھەي-
ران بولغان ۋە «بۇ بىر مۆجىزە ئىكەن»
دېگەن. مانا شۇنداق مۆجىزىنىڭ ئىگىسى
بولمىش خەلقنى ئەقىللىق ھېسابلىماي
مۇمكىنمۇ؟!

ئاقساي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا
يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جە-
نۇبىدىن 27.5 كىلومېتر يىراقلىقتىكى
كۆكبۇلاق دېگەن يەردە ئەڭ قۇرغاق پە-
سىللەردىمۇ تۆت تۈگمەنلىك سۇ ئۆكسى-
مەيدۇ. لېكىن، بۇ سۇ تاغ ئېغىزىدىن
چىققاندىن كېيىن بىراقلا تۈگەپ كېتىدۇ.
بۇ ھال كىشىنى بۇ يەردە ئاللىقانداق
تىلسىم بارمىدۇ؟ دېگەن ئويغا سالىدۇ.
ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. تاغ ئىچىدە،
تار دەريا قىنىدا يىغىلىپ ئېقىپ كەلگەن
سۇ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن
كېيىن نەچچە يۈز مېتر كەڭلىكتىكى دەريا
قىنىغا تاراپ ئاقىدۇ - دە، قۇم - تاشلار
ئارىسىغا سىڭىپ تۈگەپ كېتىدۇ.
50 - يىللاردا بوستانلىقلار ئاشۇ سۇنى
كەنتكە باشلاپ كېلىش ئۈچۈن قىرغاق
بويلاپ ئۆستەڭ ئالغان، بىراق بىر ياز-
دىلا كەلكۈن ھەيدەپ كەتكەن؛
60- يىللارنىڭ ئاخىرىدا توغان ئېگىزلى-
كى 20 مېتردىن ئاشىدىغان، سۇ سى-
غىمى 2 مىليون كۇب مېتر بولغان،
قولتۇق سۇ ئامبىرىنى ياسىغان، لېكىن،
ئون نەچچە يىل ئىچىدە 13 مېتر لايلاپ،
سۇ سىغىمچانلىقى تەڭ ھەسسە دېگۈدەك
ئازىيىپ كەتكەن؛ 70 - يىللاردا نەچچە
ئون مىڭلاپ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىپ،
سەرپۇل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلە-

گەنى، لېكىن شۇنچە كۆپ ئەمگەك بىكارغىلا زايا بولغان: سۇنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بوستانلىقلار تەشنە ئۇستىنىڭ ھەر ۋاقىت گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈش خەۋپىگە قارىماي، ئارانلا بىر ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدىغان تەشنە ئىچىگە كىرىپ، تەشنە تېگىگە ئولتۇرۇپ قالغان لاي - شېغىللارنى تازىلىغان. ئۆز يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئايلاپ - يىللاپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەنە شۇنداق جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلگەن بۇ خەلقنى ھورۇن دېيىشكە تىل بارامدۇ؟ ئىشچانلىق بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟!

بوستانلىقلاردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى يولباشچىلىرىدىنمۇ ئاغرىنىشقا ئورۇن يوق ئىدى. لېكىن ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتمەيمۇ بولمايتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئابدۇرېھىم غوجەخمەت بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز باش قاتۇرمىدى. بارا - بارا كۆڭلىدە بىر پىلان پىشىپ يېتىلدى —

## تەستە ۋۇجۇدقا چىققان دەسلەپكى قارار

— 1987 - يىلى قىش، شىۋىرغان ھۇشقىيىتىپ تۇراتتى. يېزىلىق پارتكوم مەجلىسخانىسىدا پارتكوم ھەيئەتلىرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. مەشتىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچكەن، ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى سىرتتىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەشكە ئوتۇن تاشلاپ قويۇش ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەندەك قىلاتتى. كىشىنى بېزار قىلىدىغان سۈكۈت داۋام قىلماقتا، ھەممەيلەن جىددىي ئويغا پاتقانىدى. «ئەجەپ ئىش، يىغىنغا قويغان بىرىنچى لايىھىنى بىردەك قوللىغان بۇ بۇرادەرلەر ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان ئىككىنچى مەسىلىگە كەلگەندە يېلىم يەۋالغاندەكلا ئولتۇرۇپ كەتتىغۇ، — پارتكوم شۇجىسى ئابدۇرېھىم غوجەخمەت ئەجەبلەنمەي تۇرالمىدى، — ئۇلار نېمىنى ئويلاۋاتىدىكىنە؟»

بوستان يېزىسى دېھقانچىلىق ۋە خەلق تۇرمۇشىدا، ھەر يىلىنىڭ تۆت ئېيىدا ئاقساي دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىگە، قالغان ۋاقىتتا ئاراقىر تەشمىسى ئارقىلىق قارا سۇ دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنىدىغان سۇغا تايىناتتى. ئەمما، تەشمە سۈيى يېرىم تۈگمەنلىكتىن ئارتۇقراقلا بولۇپ، تەشمە ئېغىزىدىن يېزىغىچە بولغان ئون كىلومېتىردەك ئارىلىقتا كۆپ قىسمى سىڭىپ كېتىپ، ئاز قىسمىلا يېتىپ كېلەتتى. قىش كۈنلىرى يوقىتىن ياخشى بۇ سۇ ئۇزۇن بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپ قالاتتى... ئابدۇرېھىم غوجەخمەت باياتىن دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ئاشۇ ئون كىلومېتىر ئېرىقنى سۇ سىڭمەس ئېرىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىشنى بىرىنچى لايىھە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇنىڭغا كېتىدىغان ئەمگەك كۈچى ۋە مەبلەغ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى بىراقلا ھەل بولاتتى. يىغىن قاتناشچىلىرى بۇنى بىردەك ماقۇللىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى لايىھىسى دېھقانچىلىققا كېرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تېرىقچىلىق شارائىتىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن ياكى ئاقساي دەرياسى قىرغىقىدىن ئۆستەڭ ئېلىپ كۆكبۇلاقتىكى سۇنى باشلاپ كېلىش، ياكى بىر ئامال قىلىپ قارا سۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىش ئىدى. ئەمما بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئۈندىمىدى، يىغىن ئۇزاق سۈكۈتكە چۆمدى.

ــ كۆكبۇلاقتا تۆت تۈگمەن سۇ بارە
ئاراقىردىكى كونا تەشمىنىڭ يۇقىرى تە-
رىپىدە بۇلاق كۆزى ئاز ، ئەمما ئۇنىڭ
بىر نەچچە كىلومېتىر ئايىغىدا بۇلاق كۆ-
زى كۆپ، سۇ مىقدارى ئۇچ ـ تۆت تۈگ ـ
مەنلىككە يېتىدۇ،ـ كۆپچىلىكتىن سادا
چىقمىغىنىنى كۆرۈپ تىت ـ تىت بولغان
ئابدۇرېھىم غوجەخمەت باياقى سۆزلىرد-
نى يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ تەكىتلەپ
ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى،ـ مۇشۇ ئىككى
جايدىكى سۇنىڭ قايسى بىردىنى بولمىسۇن
باشلاپ كېلەلىسەك، ئىشلەپچىقىردىش شا-
رائىتىمىز ئۆزگىردىدۇ . مېنىڭچە كەم دې ـ
گەندە مۇنداق بەش مەسىلە ھەل بولىدۇ :
يەرنى تولۇق كۆكەرتەلەيمىز، ۋاقتىدا
كۆكەرتەلەيمىز، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇ-
رۇپ، ئېنېرگىيەھاسىل قىلالايمىز ، سۇئام-
بىردىغا كەلگۈن سۇيى چىڭقاشنى بۇلاقسۇيى
چىڭقاشقا ئۆزگەرتىپ ، ئامبارنىڭ لايلاپ
كېتىشىنى ئازايتالايمىز ، بوز يەر ئېچىپ
ئوتلاقبازىسى بەرپا قىلالايمىز. ئىشەن-
مەيۋاتامسىلەر؟ گەپ قىلساڭلارچۇ!
سۈكۈت يەنىلا داۋام قىلىۋاتتى ئىدى .
ئابدۇرېھىم غوجەخمەت ھەيرانلىق ئىچىدە
كۆپچىلىككە بىر ـ بىرلەپ كۆزيۈگۈرتتى.
« ئەجىبا مېنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن
بۇ بۇرادەرلەرگە بۈگۈن نېمە بولدىكىنە؟»
دەپ ئويلايتتى ئۇ.
ــ پىلانىڭىز ياخشى ، شۇنداق بولغاندا
سىز دېگەن بەش مەسىلىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ
كۆپ مەسىلىلەر ھەل بولۇشى مۇمكىن،ـ
ئاخىر بىرەيلەن سۈكۈتنى بۇزۇپ ئېغىز
ئاچتى،ـ بىراق... بىزدە شۇنچىلىك كۈچ،
شۇنچىلىك مەبلەغ...
ــ توغرا، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان
يوق...

ــ شۇنداق بولمايچۇ...
مەجلىسخانا بىردىنلا قايناپ كەتتى،
كۆپچىلىك خۇددى ئاشۇ بىرسىنىڭ گەپ
باشلاپ بېرىشى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىشىگە
بېرىلگەن بۇيرۇقتەك، بىراقلا سۆزلەشكە
كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ پى-
كىرنى ياقىلاشقا رايى يوقتەك قىلاتتى-يۇ،
كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېنىق ئېيتىشقا
جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. شۇنداق، كۆپ
يىللاردىن بۇيانقى رەھىمسىز پاكىتلار ئا-
دەملەرنى باشلىقنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسىي
باشلىقنىڭ رايىغا مۇخالىپ يول تۇتماس-
لىققا كۆندۈرۈپ قويغان ئەمەسمۇ؟ ئۇلار
ئوچۇق ئېيتمىغان بىلەن، دېمەكچى بول-
غانلىرى ئۆزلىرىگە بەش قولدەك ئايان ئى-
دى: قارا سۇ دەرياسىدا، كۆكبۇلاقتا سۇ
بارلىقىنى بىز بىلمەمدىمىز؟ ئاشۇ سۇنى
باشلاپ كېلىمىز دەپ نەچچە ئون يىل تى-
رىشتۇق، ئۆستەڭ چاپتۇق، ئامبار ياس-
دۇق، تەشمە كولىدۇق، تالاي ئەمگەك، بى-
ھېساب مەبلەغ سەرپ قىلدۇق. لېكىن ئۇ-
نىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك بولدى؟ تەڭدىن
تولىسى ناداnlىقنىڭ، يەڭگىللىكنىڭ، قا-
راملىقنىڭ بەدىلى بولۇپ كەتمىدىمۇ! ئۇ-
لارنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئويلىغىنى شۇلار
ئىدى. ئۇلار بۇ لايىھىنىڭمۇ قاراملىق بو-
لۇپ قېلىشىدىن، خەلققە جاپا، مۇلۈككە
زىيان دېگەن ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلى-
نىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئابدۇرې-
ھىم غوجەخمەت كۆپچىلىكنىڭ دېيەلمىگەن-
لىرىنى قىياس قىلىپ يەتتى. داۋاملىق
قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەش زۆرۈر-
لۈكىنى ھېس قىلدى. كۆپچىلىك تىپتىنچ،
ئەمما كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا تارقىلىشتى.
يىغىندىن كېيىن ئابدۇرېھىم غوجەخمەت
بۇ پىلان ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلان-

دى، يەنە نۇرغۇن ئىشلار ئۇستىدە ئويـ
لاندى. «ئىيازهېكىمبەگدەك فېئودال تەپـ
رىقىچىلەرخەلق رىۋايەتلىرىدە ساقلىنىپ
قاپتۇ. ئەجىبا بىز كوممۇنىستلار ئۇلاردىن
ئېشىپ چۈشەلمەمدىمىز؟ـ ئـۆزىگە قايتاـ
قايتا سوئال قوياتتى ئۇ، ئاندىن يـەنە
ئۆزىگە جاۋاب بېرەتتى،ـ ياق، چوقۇم…
يولداشلارنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشىنىشكە
بولىدۇ، لېكىن هازىر ئەھۋال ئۆزگەردى،
ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۇچۇن شاـ
رائىتنى ئۆزگەرتىش، ئاۋۋال كـۆپچىلىكـ
نىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قەتـ
ئىي ئىرادىگە كېلىش كېرەك. قەتئىي ئىـ
رادىگە كەلسەكلا، يۇقىرى جەزمەن قـولـ
لايدۇ، غەلىبە قىلماي قالمايمىز.»

نۇرغۇن قېتىملىق سىردىشىش، سۆھبەتـ
لىشىش، قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش
ۋە كۆپ قېتىملىق يىغىن ئـارقىلىق كۆپـ
چىلىك ئاخىر بىردەك پىكىرگە كـەلدى.
بوستان يېزىسىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى هەل
قىلىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر لايىهىسىـ
نى يۇقىرىغا يوللاش بېكىتىلدى. يۇقىرىـ
نىڭ بۇنى قارار قىلىشى ئۇزاققا سوزۇلـ
غان بولسىمۇ، ئاخىرى —

## ۋالىي قارار قىلدى

بوستان يېزىسىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى هەل
قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يـازغـان دوكلاتى
ۋە لايىهىسى شۇ چاغدىكى ناهىيىلىك پارتـ
كوم شۇجىسى ئىسمايىل تاشتۆمۈر بـىلەن
هاكىم ئابدۇقادىر توختىنىڭ ئـۇستەلىگە
قويۇلدى. بوستان يېزىسىنىڭ ناهىيە بوـ
يىچە ئەڭ نامرات يېزا ئىكەنلىكى، بۇ يېـ
زىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا سۇ مەـ
سىلىسىنى هەل قىلىش تۈپ زىددىيەت ئىـ
كەنلىكى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىـ
دى، هەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن،
بۇ ۋاقىتتا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقىنىغا 30
يىلغا يېقىن بولغان، گۇلاخما، دامكۇدىن
ئىبارەت ئىككى يېزىنىڭ 150 مىڭ مودىن ئارـ
تۇق يەر كۆلىمىنىڭ سۇغىرىش مەسىلىسىنى
ئۇزۇل ـ كېسىل هەل قىلىدىغان جەڭگىۋار ئۆسـ
تەڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ قىيىن، ئەڭ جاپالىق
بولغان ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن بولۇپ،
پۈتۈن ناهىيىنىڭ ماددىي كۈچى، مالىيە
كۈچى ۋە تېخنىك كۈچىنى مۇشۇ قۇرۇلۇشـ
قا مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈر ئىدى. قـانـ
داق قېلىش كېرەك؟ ئابدۇرېهىم غوجەخـ
مەت بىلەن هەتەمنىڭ ئۇلارنى ئىزدەپ
كەلگەندىكى بىتاقەتلىكى، غەيرەت ـ شىجاـ
ئىتى ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى. ئـالدىن
تەييارلىق قىلىش، ئۆلچەپ دەلـىلـلەش
خىزمىتى ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى.

ناهىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ باشـلىقى
دەيجىيۇەن قۇرۇلۇش ئورنىنى تەپسىلىي
كۆرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. مۇئاۋىن ئىدارە
باشلىقى هاشىم رازى تېخنىكخادىملارنى
باشلاپ نەقمەيدانىنى چارلاش، ئـۆلچەش
خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ خىزمەت
گاھ توختاپ، گاھ داۋاملىشىپ ئىككى ـ ئۈچ
يىلغا سوزۇلدى. كادىرلار ۋە ئامما ئارىـ
سىدا بۇ قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى غۇلغۇـ
لىمۇ ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلدى. كـۆپ
ساندىكى كىشىلەر يەنىلا بـىهۇدە ئاۋارىـ
چىلىق بولۇپ قېلىشتىن، ئەجرىگە يارىشا
نەپ چىقماي قول چىشلەپ قېلىشتىن ئەنـ
سىرىشەتتى. بەزىلەر سوغۇق سۇ سەپمەكـ
تە، بۇ هال قىسمەن مەسئۇل كادىرلاردىمۇ
ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. بىزدە شۇنداق كىـ
شىلەر بار، ئۆزلىرى بىر ئىش قىلالمايدۇ،
باشقىلار قىلسا چىدىمايدۇ. ئابدۇقـادىر
هاكىم بۇلارنى ئاڭلىماي قـالمىدى. ئـۇ
مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ بوستانغا چىقـ
تى. دەريا ـ ئېرىقلارنى ئارىلاپ كۆردى،

خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىۋاستە ئىـ
گىلىدى. ئاخىر بۇ قۇرۇلۇشنى ئىشلىمەي
بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.
يېزا رەھبەرلىكىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تېخـ
نىكلارنىڭ دەسلەپكى چارلاپ كۆرۈشىگە
ئاساسلانغاندا، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىـ
لىشتا تاللىۋېلىشقا بولىدىغان ئىككى لىـ
نىيە، ئىككى لايىھە بار ئىدى. بىرىنچى
لىنىيە كۆكبۇلاقتىكى سۇنى باشلاپ كېلىش،
يەنى، ئاقساي دەرياسى قىرغىقىنى بويـ
لاپ ئۆستەڭ ئېلىش كېرەك ئىدى. بۇ لىـ
نىيىدىن ئۆستەڭ ئېلىشقا ئەمگەك كۈچى،
مەبلەغ ئازراق كەتسىمۇ، لېكىن كەلكۈن
ھەيدەپ كېتىش خەۋپى ناھايىتى زور ئىـ
دى؛ ئىككىنچى لىنىيە قارا سۇ دەرياسىـ
نىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىش، يەنى ئارا
قىرداۋىنىنى يېرىپ ئۆستەڭ ئېلىش كېرەك
ئىدى. بۇ لىنىيىدىن ئۆستەڭ ئالغاندا،
كەلكۈن خەۋپى زور بولمىسىمۇ، لېكىن،
110 مېتىر ئېگىزلىكتىكى داۋاننى
يېرىپ، ئۈچ يېرىم كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا
ئۆستەڭ ئېلىشقا غايەت زور ئەمگەك كۈـ
چى كېتەتتى. ئېنىقكى، ئۇسكۈنە، بىخەـ
تەرلىك مەسىلىسى قاتارلىق زادى ئويـ
لانماي بولمايدىغان ئامىللار مۇبار ئىدى.
قانداق قىلىش كېرەك؟ قايسى لىنىيە،
قايسى لايىھىنى تاللاش كېرەك؟ ناھىيە،
يېزا مەسئۇللىرى ۋە تېخنىك خادىملار
دەرمەھەل بىرلىككە كېلەلمەي قالدى...
ناھىيە، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ بۇ قۇرۇـ
لۇش ھەققىدىكى دوكلاتىنى كۆپ قېتىم
ئاڭلىغان، بىۋاستە كۆرۈپ بېقىشنى كۆڭـ
لىگە پۈكۈپ يۈرگەن خوتەن مەمۇرىي مەھـ
كىمىنىڭ سابىق ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا
دەل شۇ كۈنلەردە بوستان
يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. مەسئۇل
كادىرلار، تېخنىك خادىملارنىڭ مەزكۇر
قۇرۇلۇشنىڭ ھەر خىل لايىھىلىرى ۋە ئۇـ
لارنىڭ پايدا- زىيىنى توغرىسىدىكى ھەمـ
مىسى ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلىدىغان، لېكىن،
بىر - بىرىگە زىت بولغان قاراشلىرىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پاكار بوـ
يىغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان تېرىككەكـ
لىكى بىلەن كىشىنى ئەيمەندۈرۈپ قويىـ
دىغان، لېكىن پىرىنسىپچانلىقى، خەلقپەرـ
ۋەرلىكى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېـ
رىدىغانلىقى ۋە ھەممىگە ئايان بولغان
پاك-دىيانەتلىكلىكى بىلەن خەلقنىڭ ھۆرـ
مەت - ئېھتىرامىغا نائىل بولغان بۇ ۋاـ
لىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە ئالدىرىمىدى.
كۆپچىلىكنى باشلاپ، لايىھە دائىرىسىگە
كىرگۈزۈلگەن دەريا - ئېقىنلار، تاغ - ئېـ
دىرلارنى كېزىپ چىقتى. ئارا قىر تەشـ
مىسىنى تەپسىلىي كۆزەتتى، پاكار-پاكار
تام ئۆيلەرنىڭ قازناقلىرىغىچە كىرىپ،
كىشىلەرنىڭ ئۆي بىساتلىرىنى، ئاش-ئوـ
زۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۆمۈر بوـ
يى يەر بىلەن ھەپىلىشىپ، قوللىرىغا قاتـ
قات قاداق چۈشكەن جۇل - جۇل كىيىمـ
لەرگە ئورالغان چاللار، ئەبجەقى چىقىپ
كەتكەن چورۇق كىيىپ، قىردا مال بېقىـ
ۋاتقان چوپانلار بىلەن ئەھۋاللاشتى. يېـ
زا مەسئۇللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە
خەلق تۇرمۇشى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى
ئاڭلىدى.

— بوستان يېزىسى ۋىلايىتىمىزدە كېـ
رىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىـ
دىنلا كېيىن تۇرىدىغان نامرات يېزا ئىـ
كەن. قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنى نامـ
راتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ قۇرۇـ
لۇشنى قەتئىي ئىشلەش كېرەك، — ۋالىي
ئۆزىگە خاس تەۋەن، ئەمما ۋەزمىن تەـ

لەپپۇزدا سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۆتكۈر كۆز-
لىرىدىن قەتئىيەت نۇرى چاقناپ تۇرات-
تى،- قايسى لىنىيىنى تاللاشقا كەلگەندە
ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش، خەلققە
جاپا سېلىپ، مۈلۈكنى زايا قىلىدىغان
ئىشنى ئەمدى تەكرارلىماسلىق كېرەك. بۇ
نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قاراسۇ دەرياسىنىڭ
سۈيىنى ئاقساي دەرياسىغا ئۆتكۈزۈشنىڭ
قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق بولسىمۇ،
لېكىن كەلكۈننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراش
ئېهتىمالى ئاز، بىخەتەرلىك كاپالىتى يۇ-
قىرى. شۇڭا مۇشۇ لىنىيىدىن سۇ باشلاش
مۇۋاپىق. كونكرېت ئۇسۇل جەھەتتە، ئەڭ
تېجەشلىك لايىهەنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن،
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆلچەش، دە-
لىللەش كېرەك...

ۋالىينىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئال-
قىش ياڭرىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قۇرۇ-
لۇش ئاخىرقى هېساپتا قارار تاپتى. بۇ،
1989 - يىلى 12 - ئۆكتەبىر كۈنى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇ قۇرۇلۇش تېخ-
نىك خادىملىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ
ئۆلچەش، لايىهەلەش، دەلىللەش خىزمىتى-
نى ئىشلىشى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ
مۇزاكىرە قىلىشى بىلەن، ئاخىرقى هېساب-
تا تەشمە تېشىپ قاراسۇ دەرياسىنىڭ سۈ-
يىنى ئارا قىر داۋىنىنىڭ يانباغرىغا
چىقىرىش، ئاندىن لاي ئېقىتىش ئۇسۇلى
بىلەن ئۆستەڭ ئېلىش لايىهەسى قارارلاش-
تۇرۇلدى ۋە مۇشۇ لايىهە ئاساسىدا ئومۇ-
مىي قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ
پىلان قارا سۇ دەرياسىغا زاكۇ سېلىش،
ئۆستەڭ ياساش، تەشمە تېشىش، كۆلچەك
ياساش، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، كۆۋ-
رۈك - كۆچۈرمە سېلىش، تاشيول ياساش،
كەلكۈن مۇداپىئە توسمىسى ياساش، يۇ-
قىرى بېسىملىق سىم يولى قۇراشتۇرۇش
قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچى-
گە ئالاتتى. هەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تى-
رىشچانلىقى ئارقىلىق 1990 - يىلى ياز
پەسلىگە كەلگەندە بارلىق تەييارلىق
خىزمەتلىرى ئاساسەن ئەمەلىيلەشتى. ئەم-
دى ئىش باشلانسىلا بولاتتى. بۇ كۈن
ئاخىرى يېتىپ كەلدى —

## تەقدىر بىلەن ئېلىشقان 800 كۈن

— جاك، جاك، جاك...

هەتەم توختىروزى ئۆز ئېگىدا گويا
ئۆز يۇرتىنىڭ بەختىگە بالا بولۇپ ياتقان
ئەجدىهانىڭ كۆكسىگە تىغ ئۇرماقتا ئى-
دى. چوك - چوك ئېچىلغان جۈپ - جۈپ
كۆزلەر هازىرلا يۈز بېرىدىغان مۆجىزى-
نى ئېنىق كۆرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرى-
گەندەك، هەتەمنىڭ قوللىرىغا تىكىلگە-
نىدى. هەتەمنىڭ — ئۆزىنىڭ ياشلىق با-
هارى ۋە ئەقىل پاراسىتىنى بوستان يې-
زىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆز-
گەرتىشكە سەرپ قىلغان، ئەمما ئەجرىگە
يارىشا ئۈنۈم بولمايۋاتقانلىقىغا ئۆكۈ-
نۈپ، ئۆزىنى ئەيىبلىك ساناپ كېلىۋات-
قان بۇ يېزا باشلىقىنىڭ — كاج تەقدىر-
نىڭ ئىسكەنجىسىنى چۆل - چۆل قىلىۋەت-
مەكچى بولغاندەك، يەككە تىغنى پۈتۈن
كۈچىنى يىغىپ زەرپ بىلەن ئۇرۇشىدىن
كېلىپ چىققان جاڭىلىدىغان ئاۋاز يالغۇز
قالمىدى. ئۇنىڭغا ئىككىنچى، ئۈچىنچى...
تىغلارنىڭ ئاۋازى قوشۇلدى:

— جاك - جوك، تاك - توك...

نۇرغۇن تىغلاردىن تارقىغان بۇ ئا-
ۋاز ئارا قىرنى تىترىتىپ ئۆتۈپ ئۇزاق-

لارغا كەتتى، كۆئىنلۈنىنىڭ ياقا باغ چوقۇلىرىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بوستانلىقنىڭ يۈرىكىنى ھاياجاندىن ئويناتتى. خاسىيەتلىك بۇ ئاۋاز ئۇزاق داۋام قىلدى، بىرىنچى كۈنىمۇ، ئىككىنچى كۈنىمۇ، ئۈچىنچى كۈنىمۇ توختىمىدى...

ھەتتەمنىڭ ئۇرغىنى قانداقتۇر سىرلىق تىغ ئەمەس، ئادەتتىكىلا بىر جوتۇ ئىدى! ئۇ ئۇرۇلغىنى ئەجدىھا ئەمەس، ئارا قىر داۋىنىنىڭ كۆكسى ئىدى! كۈتۈلگەن مۆجىزىمۇ شۇ زامانلا يۈز بەرمىدى. ئەمما، بەرىبىر يۈز بەردى — 800 كۈندىن كېيىن، تېخىمۇ توغرىراقى 805 كۈندىن كېيىن يۈز بەردى. قاراسۇ دەرياسىدا، ئارا قىرنىڭ ئىچ باغرىدا، ئاقساي دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا بىر ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش قەد كۆتەردى! ئەنە شۇ مۆجىزىنىڭ يارىلىشىغا تەۋەللۇت بېشى بولغان تۇنجى ئاۋاز ياڭرىغان كۈن — 1990-يىلى 12-ئاۋغۇست كۈنى ئىدى.

تۇنجى جوتۇ ئۇرۇلغان نۇقتا قاراسۇ دەرياسى غەربىي قىرغىقىنىڭ دەريا تېگىدىن 20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايى ئىدى. تەشمە ئېغىزى ئەنە شۇ يەردىن باشلاندى. ئۇنىڭ باش تەرىپىگە قىرغاق بويلاپ كۆتەرمە ئۆستەڭ ياسالدى. تەشمىنىڭ لايىھە ئۆلچىمى 1.80 × 1.60 مېتىر بولۇپ، مەشغۇلات قىلىدىغان مەيدان ئىنتايىن چەكلىك، كۆپلەپ ئەمگەك كۈچى سېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. تەشمە قېزىلىدىغان يەر قاتلىمى پۈتۈنلەي قۇم، شېغىل ۋە قورام تاشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، پارتلىتىشقا بولمايتتى. پارتلىتىلسا داۋان گەۋدىسىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار ئىدى. پۈتۈن مەشغۇلاتنى ئەمگەك كۈچى ۋە جوتۇ-گۈرجەك بىلەنلا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. ئىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بىردىنبىر چارە ۋاقىتنى ئۇتۇش ئىدى. شۇڭا، ئۈچ ئىسمېنا بويىچە توختىماي ئىشلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

ئەسلى لايىھە بويىچە، تەشمە غەربىي شىمال يۆنىلىشتە 200 مېتىر كولانغاندىن كېيىن، دەريا سۈيى ئارا قىر داۋىنىنىڭ يانباغرىغا چىقىرىلاتتى. ئۇنىڭ ئاخىرىغا لاي ئېقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۈچ يېرىم كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ ئېلىناتتى. تەشمىدە ئىش باشلىنىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە — 1990-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى ۋىلايەتلىك سۇ-ئېلېكتر باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زو كەيخۇا قۇرۇلۇش ئورنىغا چىقتى. ھاشىم رازىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىسى ۋە ئىش سۈرئىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئەمەلىي مەيداننى كۆردى، بىر نەرسىلەرنى ھېسابلىدى. ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى جىددىي تۈس ئالماقتا ئىدى.

— بۇ لايىھە بويىچە، بىر مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر لاي ئېقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، 700 مو يەر بىر مېتىر لاي ئاستىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشمىدىن كەلگەن سۇنى ئېنېرگىيە كۈچى ئارقىلىق نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىككە چىقىرىپ ئاندىن لاي ئېقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدۇ. لاينى قەيەرگە ئېقىتىش، ئېنېرگىيىنى قانداق ھەل قىلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك، — ئىشقا جىددىي، ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن زو كەيخۇا سەل توختىۋالغاندىن كېيىن ھاشىم رازىغا تىكىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — بىز تېخنىك خادىملار دېھ-

قانلار نىڭ ئەمگەكىنى قەدىرلىشىمىز، ئىشە-
نى تېجەشلىك قىلىشىمىز كېرەك . شۇڭا
تېخىمۇ ياخشى لايىھە ئۈستىدە ئىزدىنىپ
كۆرۈڭلار.

قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان
ھەتەم بىلەن تېخنىكا يېتەكچىسى ھاشىم
رازى ئويلىنىپ قالدى . ئويلانغانسېرى
ئۇنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلدى.
ئەسلى لايىھە بويىچە قۇرۇلۇشقا
580 مىڭ ئەمگەك كۈنى كېتەتتى.
بوستان يېزىسىدىكى بارلىق ئەمگەك كۈچى
سەپەرۋەر قىلىنىپ، يىل بويى ئىشلىگەن-
دىمۇ بەش يۈز كۈندىن ئارتۇق ئىشلەش-
كە توغرا كېلەتتى . ئېقىتىلىغان
لايىنى ئاقساي دەرياسىغا قو-
يۇپ بەرمەي ئىلاج يوق ئىدى.
دېمەك، ئاياغ قارا سۇ كەنتى لاي ئاستى-
دا قالاتتى. جىن چىراغ تېپىشمۇ قىيىن
بولغان بۇ يەردە، داۋانغا سۇ چىقىرىشقا
كېتەرلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى قانداق
ھەل قىلىش كېرەك؟ ئۇلار ئويلانغانسېرى
ئەسلى لايىھەدە مانا شۇنداق ئېغىر نۇق-
سانغا يول قويۇلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

— ھاشىمكا، ئابدۇقادىر داشۆسىڭ، بۇ
ياققا كەلسەڭلەرچۇ!— داۋان ئۈستىنى نەچ-
چە ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەن ھەتەم قۇرۇ-
لۇش ئورنىدىكى بۇ ئىككى نەپەر ئىنژې-
نېرنى ئادەت بويىچە چاقىردى.

— ھازىرقى لايىھەدىكى تەشىمنىڭ تۆ-
گەش نۇقتىسىدىن،— ئۇلار يېقىنلىشىپ كەل-
گەندىن كېيىن ھەتەم بىر ھاشىم رازىغا،
بىر ئۇنىڭ يېنىدىكى ياش ئىنژېنېر ئابدۇ-
قادىر ئابدۇراخمانغا قاراپ، كۆزلىرىنى
چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى. ئۇ-
نىڭ كۆزى چىمچىقلىغاندا قۇلاقلىرىنىڭ
كەينىدىكى تېرە مۇسكۇللىرى تارتىشىپ

تۇرۇلەتتى - دە، كۆرپە تەلپىكى لىكىلداپ
كېتەتتى،— غەربكە بۇرۇلۇپ، تەشىمنى دا-
ۋاملاشتۇرۇپ ئاقساي دەرياسىغا تۇتاشتۇر-
ساقمىكىن دەيمەن، ئۆلچەپ باقساڭلار قان-
داق؟ بۇنداق بولغاندا...

ھاشىم رازى بىلەن ئابدۇقادىر داشۆ-
سىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق ھېس قىل-
دى. خەلق ئىشچىلىرى ئىزاھلانمىغان سە-
ۋەب بىلەن قويۇپ بېرىلدى. قايتا ئۆل-
چەش بىر نەچچە كۈندىلا تاماملاندى. بۇ
لايىھە بويىچە 1127 مېتر تەشمە تېشىلەت-
تى. لاي ئېقىتىشنىڭمۇ، ئېنېرگىيىگە باش
قاتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. ئومۇ-
مىي قۇرۇلۇشنى 245 مىڭ ئىش كۈنى بى-
لەن ئورۇندىغىلى بولاتتى، يەنى ئەسلى-
دىكى لايىھەدىكىدىن 335 مىڭ ئىش كۈنى
تېجەپ قېلىناتتى.

تۈزىتىلگەن لايىھەدىن يېزا مەسئۇللى-
رى بەكمۇ سۆيۈندى. ھاشىم رازىنىڭ بى-
ۋاستە دوكلاتىنى ئاڭلىغان ناھىيە مەس-
ئۇللىرى بىلەن سۇ- ئېلېكتر باشقارمىسى-
نىڭ مەسئۇللىرىمۇ بىردەك قوشۇلدى. بىر
ھەپتىگە قالمايلا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈل-
دى. قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈ-
چۈن، تەشىمنىڭ غەربىي ئېغىزىدىمۇ
ئىش باشلاندى.

تەشمە ئىچىدىكى مەشغۇلات مەيدانىنى
يورۇتۇش ئۈچۈن دەسلەپتە شام ياندۇرۇل-
غانىدى. ئەمما، سەل - پەل شامال تەگ-
سىلا ئۆچۈپ قېلىپ، ئىشقا تەسىر يەتكۈ-
زەتتى. كېيىن، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ
ياردىمى بىلەن كىچىك تىپتىكى سۇ گېنې-
راتورى ئورنىتىلىپ، توك بىلەن يورۇتۇش
مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شەرقىي ئېغىزدا
تەشمە بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن ئۆتكەندىن
كېيىن، توپا - تاش چىقىرىش مۇساپىسى

ئۇزدراپ كەتتى. قول هارۋىسىنى بۇرۇ-
لۇشتىن ئۆتكۈزۈش قىيىنلىشىپ، ئىش سۇر-
ئىتىگە تەسىر يەتتى. «قىيىن ئىشنىڭ ئاچ-
قۇچى ئەقىل. ئەقىل ئىشلىتىشكە ماھىر
بولساقلا...» قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قا-
رىيىپ، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ كەتكەن
هاشىم رازى مۇشۇلارنى ئويلىغاچ تەشمە
ئىچىگە، دەريا تېگىگە نەچچە كىردى، چىق-
تى، داۋان ئۈستىنى ئايلاندى. قايسىبىر
يەرلەرنى سىنچىلاپ كۆزەتتى، قايسىبىر
يەرلەرنى قەدەملەپ، كۆڭلىدە ئىددىتلاپ
كۆردى.

— تەشمىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن
ئۇدۇل شەرققە— قارا سۇ دەرياسى قىرغى-
قىغا قارىتىپ قوشۇمچە تەشمە كولايلى،—
ئاددىتى بويىچە چىڭقىلىپ – چىڭقىلىپ، ئۇ-
زۇپ – ئۈزۈپ سۆزلىدى هاشىم رازى،— پە-
مىمچە بۇ يەردىن قىرغاققا 40–50 مېتر-
چە كەلسە كېرەك. ئەگەر بۇ يول ئېچىلسا،
شېغىل چىقىرىش مۇساپىسى خېلى كۆپ قىس-
قىرايدۇ، بۇرۇلۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشمۇ كەت-
مەيدۇ.

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە خوپ كەلدى. قا-
را سۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ
18 مېتر ئېگىزلىكتىكى جايىدىن قوشۇمچە
تەشمە ئېغىزى تاللاندى. ئەمما بۇ جاي
80–90 مېترچە كېلىدىغان تىك يار بولۇپ
ئاستىدىن چىقىشقىمۇ، ئۈستىدىن چۈشۈش-
كىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

— ئابدۇقادىر داشۆسىڭ، سىز بىر ئا-
مال قىلىڭچۇ،— دېدى ھەتەم ئەمدىلا 30 ياش-
قا كىرگەن ئىنژېنېر يىگىتكە قاراپ.

ئۇزاق ئۆتمەي 50 مېترلىق قوشۇمچە
تەشمە پۈتتى. ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلدى. چىقىرىلىدىغان شېغىل – تاشلارنى
بىر تەرەپ قىلىش ئاسانلاشتى. تەشمە ئې-
غىزىنىڭ ئاستى 18 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى
دەريا قىنى ئىدى، قانچىلىك توپا – تاش
تۆكۈلسە سىغىپ كېتىۋېرەتتى.

تەشمە ئىچىدە قورام تاشلار قەدەمدە بىر
دېگۈدەك ئىدى. نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ
كىلوگراملىق تاشلار يول توراپ تۇراتتى.
لېكىن دۇنيادا قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن
ئادەمدىن غالىب نەرسە بارمۇ؟! مەن سېنى
قىمىرلىتالمىسام، يۆتكىۋېتەلمىسەم، پو-
لات ئارقان بىلەن باغلاپ، تراكتور بىلەن
تارتىپ چىقىرىۋېتەلمەمدىم! شۇ يەرگە ئو-
رەك كولاپ كۆمۈۋېتەلمەمدىم! تەشمە ئىك-
كى تەرەپتىن كولىنىپ تۇتىشىشقا ئازقال-
غاندا، غايەت زور بىر قورام تاش ئۇيۇل
تامدەك يول توستى. ئۇنىڭ ئەتراپى كو-
لىنىپ گەۋدىسى تولۇق ئاشكارىلانغاندا مە-
لۇم بولدىكى، ئۇنىڭ توغرا ۋە تىك دىئامېترى
3.50 × 3.55 مېتر ئىدى! يان تەرەپتىن
ئورەك كولاندى، ئون ئادەم ساق ئون ئۈچ
كۈن كولىدى. ئەمدى ئورەككە چۈشۈرۈش
كېرەك ئىدى. بىريانىدىن بەش تونىلىق
دامكىرات قويۇلدى، تاش قىمىر قىلمى-
دى، يەنە بىرسى قويۇلدى، ئۇنىڭ يەنىلا
مىدىرلىغۇسى كەلمىدى... دامكىرات كۆ-
چى يىگىرمە توننىغا يەتكۈزۈلگەندە، تاش
ئاخىرى يول بوشاتماي تۇرالمىدى، ئورەك-
كە غولاپ چۈشتى. يول توسار «يولۋاس»
لار ئەنە شۇنداق بىر – بىرلەپ دەپنە
قىلىندى.

بۇ يەردە ئىش ئىنتايىن جاپالىق
ئىدى. جوتۇنىڭ زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇشى-
دىن ئۇچۇپ چىققان قۇم – شېغىللار كۆزگە
تىقىلاتتى، يۈز – كۆزنى تىلىغايتتى. جوتۇ
يوشۇرۇن قورامىلارغا تەگكەندە قول – بې-
لەكلەر قېقىلىپ سىيقىراپ ئاغرىپ كېتەت-
تى. ھاۋا يېتىشمىگەنلىكتىن نەپەس سى-

قىلىپ، كۆز چىڭقىلاتتى، باش ئاغرىيتتى. تەشمە ئېقىنىدە مۇئەللەق تۇرغان تاشلارنىڭ ھەر ۋاقىت غۇلاپ چۈشۈپ جان خەۋپى بار ئىدى. يېقىلغۇ يەنە بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. قۇرۇلۇشقا مەبلەغ يېتىشمىگەن يەردە ئوتتۇن ئېلىشقا پۇل نەدە؟ يايلاقتىن 168 مىڭ كىلوگرام ماياق - تېزەك يۆتكەپ كېلىنىپ يېقىلغۇ قىلىندى. مۇشۇ بىر تۈردە 10 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش پۇلى تېجەپ قېلىندى. ئەمما چېدىر ئىچى، ھەتتا ئاش - نانلارمۇ ماياق پۇرايتتى، دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز بولغانلىقى سەۋەبلىك ئېتىلگەن ئاش - تاماق تولۇق پىشمايتتى. ئەلۋەتتە جاپادىن، خەتەردىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قېچىشى بىلەن ھېچ ئىشقا تەسىر يەتمىدى. كۆپچىلىك ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ھېيت - بايراملارنىمۇ تامامەن تەرك قىلدى. چۈنكى ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئېگىغا ھۆكۈمران ئىدى! تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئەجدادلىرىنىڭ قېنى ئىدى!

1127 مېترلىق تەشمە 1991 - يىلى 4 - ماي كۈنى تاڭ سەھەردە ئاخىرى پۈتتۈنلىنىيە بويىچە تۇتاشتى. بۇچاغدا ھەممەنىڭ تۇنجى جوتۇ ئۇرغىنىغا 265 سوتكا توشقانىدى. تەشمىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە ئاخىرقى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قىيىپ - قېيىپ قۇچاقلاشقان، ئاندىن ئانا يۇرتىغا خۇش خەۋەر جاكارلاشقا ئالدىرىغان ئەزىمەتلەر تەشمىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشقانلىرىدا، ئۇلارنىڭ تۇنجى كۆرگىنى قۇياش ئانا بولدى، ئەمدىلا تاغ چوققىسىدىن بالقىپ چىققان قۇياش ئۆزىنىڭ نۇرغۇن نۇرىدىن مەھرۇم قالغان باللىرىنى ئىللىق نۇر بىلەن كۆمدي...

لېكىن ئۇلارغا «ئۇھا!» دېگۈچىلىك ئارام بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 500 نەچچە كۈن ئىچىدە بوستانلىقلار تەشمىنىڭ باش - ئاخىرىغا 4.161 كىلومېتىر سۇسىڭمەس ئۆستەڭ ياسىدى؛ تەشمىنىڭ تېگىگە بېتون ئۇردى، ئىككى يانغا 44 مىڭ 160 دانە بېتون خىش بىلەن تامقوپۇردى؛ ئۈستىنى تەقرىبىي يايى شەكىللىك بېتون تاختاي بىلەن يېپىپ چىقتى؛ گېنېراتور سىغىمى 2×100KW بولغان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ چىقتى. ئاقساي دەرياسىغا ئاتلاش ئارىلىقى 11 مېتر بولغان كۆۋرۈكلۈك كۆچۈمە سېلىپ پۈتتۈردى؛ ئۆستەڭ بويلاپ 7.204 كىلومېتىر ئادديي تاشيول ياسىدى؛ 1.127 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈن مۇداپىئە توسمىسى ياسىدى؛ 23.4 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق سىم يولى قوراشتۇردى. پۈتۈن قۇرۇلۇش داۋامىدا جەمئىي 493 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، 200 مىڭ ئۆلچەملىك ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى.

بوستانلىقلار تەشنا بولغان كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. قارا سۇ دەرياسىدىن باشلانغان زىلال سۇ ئارا قىر تەشمىسىدىن ئۆتۈپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 118 مېترلىق بېسىم تۇرۇبىسىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چۈشۈپ، سۇ تۇرۇبىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا چېتىلغان گېنېراتور ئوقى ئاۋۋال ئاستا، ئۇزاق ئۆتمەي شىددەت بىلەن پىرقىراپ كەتتى. شۇ ھامان سانسىز لامپۇچكىلار چاراقلاپ يېنىپ، ئەسىرلەر بويى گۈلخان ۋە جىن چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىغا ئۆگىنىپ كەتكەن كۆزلەرنى چېقىپ ئۆتتى. ئارا قىرنىڭ ئېقىنىدە تۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر سالغاندا، ئىشەنگۈسىز بىر ھال يۈز بەردى: ھەر دائىم

كۆكتە تۇرۇپ كۆز قىسىدىغان سانسىز يۇلتۇزلارنىڭ يېرىمى بوستانغا كۆچۈپ چۈشكەندەك. بوستانلىقنىڭ ئاددىي ئۆيلىرىدە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلار ئىشقا چۈشتى، شادىيانە ناخشا ياڭرىدى، ئەمما ئۇنى ئۆي - ئۆيلەردىن ياڭرىغان بىر سادا بېسىپ كەتتى:

— توك كەلدى!

سۇ تۇرۇبىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆتۈپ، كەنتكە ئېقىپ كەلگەن زۇمرەت سۇ ئۇزاق جۇدالىقتىن خالاس تاپقان ئاشىق ئۆز مەشۇقى باغرىغا تاشلانغاندەك، ئېرىق - ئېرىقلاردىن ئېتىزلارغا قاراپ ئوينىقشىپ ئېقىپ كەتتى. مۇشۇ كۈن ئۈچۈنلا قان - تەر تۆككەن، قوللىرى چاك - چاك يېرىلىپ، قات - قاداق باغلىغان بوستانلىقلار كۆز ئالدىدىكى ئابى زەمزەمنى ئۇچۇملاپ ئىچتى، شا كىچىك تەنتەكلەر بىراقلا سۇغا سەكرەشتى. پۈتۈن يۇرتتىن يەنە بىر سادا ياڭرىدى:

— سۇ كەلدى!

هەتتا توختىروزى ئارا قىرىنىڭ كۆكسىگە تۇنجى جوتۇنى ئۇرغاندا قاراپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتكەنىدى. سابىق خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋۇدۇنفۇ قۇرۇلۇشنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بوستانلىقنىڭ غەيرىتىدىن سۆيۈنگەن هالدا: «يۈگۈنىڭ تاغنى يۆتكىشىنى كىتابتىن كۆرگەنىدۇق. ھەقىقىي تاغ يۆتكىگەن ھايات يۈگۈنى مۇشۇ ئىش ئورنىدا كۆردۇق. بۇ بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، بىر مۆجىزە...» دېگەنىدى. بوستانلىقلار كۈتكەن مۆجىزىمۇ، ۋۇدۇنفۇ تىلغا ئالغان مۆجىزىمۇ، مانا بۈگۈن رېئاللىققا ئايلاندى، يۇرت ئىچىگە كەلدى!

— توك كەلدى!

— سۇ كەلدى!

توكمۇ، سۇمۇ كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىن دائىم كېلىدۇ. بوستانلىقلار ئۇنىڭغا قاچان ئېھتىياجلىق بولسا شۇ ۋاقىتتا ئەكېلەلەيدۇ.

مۆجىزە ئەنە شۇ ئىدى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ مۆجىزە بوستانلىقلارنىڭ ئاخىرى تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى، تەقدىر تىزگىنىنى قولغا ئالغانلىقى ئىدى! بوستانلىقلار بۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. بۇ كۈن ھەتتا توختىروزى ئارا قىرىنىڭ كۆكسىگە تۇنجى جوتۇ ئۇرغان ۋاقىتقا ساق 805 سوتكا توشقان كۈن — 1992 - يىل 26 - ئۆكتەبىر ئىدى. لېكىن، بوستانلىقلار يەنە شۇنىمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇكى —

## سەمىمىي غەمخورلۇق، قېرىنداشلارچە ياردەم

بوستاندا يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزە بوستانلىقلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ، ھېسابسىز قان - تەرنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنىڭ، نۇرغۇن ئورۇن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ياردىمىنىڭمۇ نەتىجىسى. قۇرۇلۇشنى پىلانلاشتىن تارتىپ پۈتتۈرگىچە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. سابىق ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا قۇرۇلۇش ئورنىغا ئىلگىرى - كېيىن ئالتە قېتىم چىقتى، تەشمە ئىچىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتتى. ھەر قېتىم چىققىنىدا مەبلەغ، ماددىي ئەشيا قاتارلىق نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

تەشمە قۇرۇلۇشى باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە سۈرئەت تېز بولغانىدى. لېكىن تەشمە كولىنىپ 200 مېتىردىن ئاشقاندىن كېيىن، تەشمە ئىچىدە ھاۋا يې-

تىشىدى. خەلق ئىشچىلىرىنىڭ نەپسى
قىستاپ قورسىقى كۆپۈپ، ماغدۇرسىزلى-
نىپ، كۆچەپ ئىشلەشكە ئامالسىز قالدى.
پات - پات ئادەم ئالماشتۇرۇشقا توغرا
كېلىپ ئىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى.
غوپۇر ۋالىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن، دۇۋا كۆمۈر كان مەسئۇللىرىغا بى-
ۋاسىتەخەت يېزىپ، ياردەم بېرىشنى ئو-
رۇنلاشتۇردى. كان رايونى مەسئۇللىرى
خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال
ئىككى يۈرۈش ھاۋا ئالماشتۇرۇش ماشى-
نىسى بىلەن تېخنىك خادىملارنى ئەۋەت-
تى. ئۇلار ئۇدا تۆت ئاي خالىس ياردەم
قىلدى.

— ھاكىم، مۇشۇ قۇرۇلۇش ھەققىدە سۆز-
لەپ بەرسىلە قاندادق؟ — مەن يېقىندا
يالقۇن قادىرنى زىيارەت قىلىپ شۇنداق
سورىدىم. ئۇنىڭ مېنى كۈلكە بىلەن قار-
شى ئالغان چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس
ئالدى.

— ئەڭ ياخشىسى شۇ يەردە ئىشلىگەن
دېھقانلارنى، ھەتتەمنى، ھاشىمكام بىلەن
ئابدۇقادىرداشۆسىگىنى، شۇنداقلا سۇخىز-
مىتىگە مەسئۇل ھاكىم ئوسمان ھەسەننى
زىيارەت قىلغىنىڭىز تۈزۈك، - دېدى ئۇ
بىر ماڭا، بىر مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇر-
غان ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى جاپپار ئوسمانغا قاراپ. ئاندىن
سەل تېختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، - ئۇ-
لارنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ، شۇلارنى ياز-
غان ياخشى.

— ھاكىمنىڭ مىجەزى شۇنداق، ئەمە-
لىيەتتە ئۇ بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئاز كۈچ
سەرپ قىلمىدى، - يۈز-كۆزلىرىگە مۇددەت-
تىن بۇرۇن قورۇق چۈشكەن، چىرايىدىن
ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان جاپپار مۇ-
دىر مېنىڭ ھەيران قالغان ھالىتىمگە قا-
راپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، -
ھاكىم ۋاقىت تاپسىلا قۇرۇلۇش ئورنىغا
چىقىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ
بەردى. خاس تەشمە ئېچىدىنلا بەش قې-
تىم ئۆتتى. ئىش ئورنىغا زادى قانچە قې-
تىم چىققانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمىسە
كېرەك...

1992 - يىلى يانۋارنىڭ بېشىدا تاغ
رايونىدا قاتتىق قار يېغىپ كەتتى، تاغ،
دالا، ساي - ئىدىرلار ئاق قار، كۆكمۇز-
دىن لىباس كىيدى. لېكىن قۇرۇلۇش ئور-
نىدا ئىش توختىمىغانىدى. بۇ چاغدا ھا-
كىم يېڭى يىلنىڭ پىلانىنى تۈزۈش، ئۈچ
دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىشنىڭ
تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، باش
قاشلىغۇدەكمۇ ئارام يوق ئىدى. شۇنداق
پەيتتىمۇ ئۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەۋات-
قان قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى،
«پىلانىمۇ، يىغىنىمۇ، ھاكىممۇ ئادەم بىلەن
بولىدۇ، بۇنداق زىمىستان سوغۇقتا ئۇلار
قانداق قىلغاندۇ؟ - دەپ ئويلايتتى ئۇ.-
تاغدا شىۋىرغاننىڭ قانداق بولۇشىنى
بىلمىسەم ئىدىم كاشكى...» ئۇ خاتىرجەم
بولالمىدى. 7 - يانۋار كۈنى ناھى-
يىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭمەس-
ئۇللىرىنى باشلاپ قۇرۇلۇش ئورنىغاچىق-
تى. ئىش ئورنىنى، چېدىرلارنى،كەملەر-
نى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆردى. كا-
دىرلار، خەلق ئىشچىلىرىدىن ھال سورى-
دى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان ئىدارە
باشلىقلىرى ئۇن، ياغ، كۆرۈچ،گۆش،پۇل،
ئوتۇن، پەلەي... ئىشقىلىپ ئۇلارغا كې-
رەكلىك لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئېلىپ چىققانىدى. قار لەپىلدەپ يېغىپ
تۇراتتى، شىۋىرغان ھۇشقىرىتماقتا ئىدي،

خەلق ئىشچىلىرى مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۆزلىرىنى يوقلاپ چىققان كىشىنىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئالدى...

1992 - يىلى 27 - ئۆكتەبىر كۈنى ئاقىر ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن سىناق تەرىقىسىدە توك بېرىلدى. لامپۇچكىلار چاراقلاپ ياندى. ماشىنا ئۆيىگە جەم بولغان ھەممەيلەن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. يالقۇن قادىر بىلەن ئوسمان ھەسەنمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىغا ئەمدىلا ھاياجان كۈلكىسى يامرىغان پەيتتە تۇيۇقسىز ياڭرىغان بىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى سۈپۈرۈپ كەتتى:

— ئۆستەڭ يار كەتتى!

ئاۋاز ئىستانسا بېسىم تۇرۇبىسىنىڭ ئۈستىدىكى قاشتىن ياڭرىغانىدى. ئىككى نەپەر ھاكىم تەڭلا دېگۈدەك يۈگۈرۈپ، نەچچە يۈز باسقۇچلۇق پەلەمپەينى بېسىپ، 118 مېتر ئېگىزلىكتىكى قاش ئۈستىگە چىقتى. سۇ مۇشۇ يەردىن يار كەتكەنىدى. ۋاقتىدا ئېتىۋېلىنمىسا، ئەمدىلا پۈتكەن ئىستانسا تۈگىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئاللىكىملەرنى چاقىردى، ئاللىكىملەرگە بۇيرۇق بەردى، ئاللىقايەرلەرگە تېلېفون بەردى، قىسقىغىنا ۋاقىتتا قاش ئۈستىگە ئۈچ قېتىم چىقىپ، ماشىنا ئۆيىگە ئۈچ قېتىم كىردى. ئۇلار شۇ تاپتا ھاكىم ئەمەس، قايسىبىر ھۆكۈمدارنىڭ پەرمانىنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بەجا كەلتۈرۈۋاتقان خىزمەتكارغا ئوخشايتتى... يار ئاخىرى ئېتىۋېلىندى. بىر قېتىملىق چوڭ زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

1987 - يىلى قۇرۇلۇش ئورنىنى چارلاش باشلانغانىدىن تارتىپ، قۇرۇلۇش پۈتكىچە بولغان ئارىلىقتا، ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جۇنچەن، مۇئاۋىن باشلىقلىرى زوكەيخۇا، جېلىل، ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دەيجىيۇدىن قاتارلىقلار قۇرۇلۇش ئورنىغا كۆپ قېتىم چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ھاشىم رازى تېخنىك خادىملارنى باشلاپ بىۋاستە چارلاش، ئۆلچەش ئېلىپ باردى. تەشمە تېشىلىۋاتقان ۋاقىتتا تېخنىك خادىملار خەلق ئىشچىلىرىغا ئوخشاشلا چېدىردا ياتتى، سوغۇق سۇ ئىچىپ، قۇرۇق نان يېدى. كۈندە دېگۈدەك يۆنىلىشنى ئۆلچەپ توغرىلاپ تۇردى، قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۆلۈم - يېتىم، ئېغىر يارىلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى.

بوستان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى خۇلاسە دوكلاتىدا مۇنداق بىر ئابزاس بار: «تېخنىكلار نەچچە ئون كىلوگرام ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بىلەن ئوزۇق - تۈلۈكىنى يۈدۈپ، پىژغىرىم ئىسسىق، يىلىكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق، قار - يامغۇردىمۇ تىنىك داۋان، چوڭقۇر جىلغا، ئىدىرلىق، تۆپىلىكلەردە پىيادە يول يۈرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، ئالتە نۆۋەت ئۆلچەش ئارقىلىق قۇرۇلۇشنى مۇقىمداپ چىقتى.» مەن زىيارەت قىلىش داۋامىدا بۇ سۆزنىڭ قىلچە مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

— ۋايجان! - بوش ئاڭلانغان ئەنسىز ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ھاشىم رازى ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى كېلىشىۋالغاندەكلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلدى.

— نېمە...

ھاشىم رازى «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىماقچى ئىدى، لېكىن سۇئالىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ھەممىنى چۈشەندى: ئاراقسىر داۋىنىنىڭ خېلى تىك يانباغرىدا سىيرىلىشتىن ھاسىل بولغان قار ئېرىقچە بىرنەچچە مېترغا سوزۇلغانىدى. 60 ياشقا يېقىنلاپ قالغان پېشقەدەم سۇ قورۇلۇش تېخنىكى تارى كېرەم قېلىن قار ئاستىدىكى تاش - تۇپراقنى مەھكەم قاماللاپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى نەچچە ئون مېتر ئېگىزلىكتىكى تىك قىيا ئىدى...

— شۇنچە قاتتىق شىۋىرغاندا تەۋەككۇل قىلىپ نېمە تاپارمىز، - ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلگەندە بىرەيلەن غودۇڭشىدى، - شۇنچە قىلغانغا يارىشا سۇ چىقسا كاشكى...

ئۇنىڭ سۆزىدە قورۇلۇشنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىدسىزلىكمۇ، ھاشىم رازىغا بولغان نارازىلىقمۇ ئىپادىلەندى. بۇ 1988 - يىلىنىڭ مارت ئېيى بولۇپ، ھاشىم رازى تېخنىكلارنى باشلاپ ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا چىققانىدى. بۇ چاغدا ناھىيە بوستانلىقىدا مەجنۇنتاللار ياشىرىپ، ئىللىق باھار قۇچاق ئاچقانىدى. لېكىن ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ ئۆلچەشكە چۈشكەن ئىككىنچى كۈنى ھاۋا پەيلىنى بۇزدى، قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. بۇنداق شارائىتتا ئېگىز داۋان، چوڭقۇر جىلغىلار ئىچىدە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. شۇڭا بەزىلەر، ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىپ ھاۋا ئېچىلغاندا كەلسەك دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويغۇسى كەلمىدى.

ھاشىم رازى بايىقى سۆزدىكى ئاچچىق كىنايىنى تامامەن چۈشەندى، ئەمما جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى. ھاشىم رازى غۇلجا بوستانلىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. 1957 - يىلى شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، 1960 - يىلى چىرا ناھىيىسىگە خىزمەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا چىرىلىق بولۇپ قالارمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى، لېكىن، بىر كەلگەنچە كېتەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ يۇرتىغا كەتكۈسى يوقلۇقىدىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ يۇرتىدا يەر تېرىشقا ئىنجا بولسىلا سۇدىن غەم يېمىش كەتمەيتتى. لېكىن بۇ يەردە غەيرەت - شىجائەت بولغىنى بىلەن سۇ يوق ئىدى. چىرىلىقلار ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى، كۆچۈمە - كۆۋرۈكلەرنى، ئازما - تاقاقلارنى، ئامبار - توغانلارنى ئۆلچەپ لايىھەلەپ بېرىشىگە، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئەڭ ئاسان، ئەڭ تېجەشلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە - ئۇسۇللىرىنى تېپىپ بېرىشىگە، ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك قىلىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، دېھقانلار يىل بويى دېگۈدەك ئۆزلىرى بىلەن سوغۇق سۇنى تەڭ ئىچىپ، قاتتىق ناننى بىللە يەپ ئىشلەۋاتقان بۇ يىگىتكە ئېچىكىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاچ - توق قېلىشىغا قارىماي مېۋىلەرنىڭ سەرخىلىنى، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ باش بۇرنىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىشاتتى. ئۇمۇ قات - قات قاداق، قاپقارا كىر باسقان قوللاردا سۇنۇلغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يېيىشتىن سەسكەنمەيتتى. چۈنكى ھەممە

گە ئېھتىياجلىق بولغان ئەڭ پاكىز، ئەڭ
لەززەتلىك نازۇ - نېمەتلەرنى ئەنە شۇ
قوللار يارىتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان
ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ كېتەلمىدى ،
كېتىشكە كۆزى قىيمىدى . چوڭ - كىچىك
ھەممەيلەن ئۇنى « ھاشىمكام » دەپ ئا -
تىشقالدى . چىرىدلىقىنىڭ نەزەرىدە ئۇ
ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى ، ھۆرمەتكە
سازاۋەر يۇرت مۆتىۋەرى ئىدى .

بۇ قېتىمقى ئۆلچەشكە مېگىشتىن ئىلگە-
رى ھاكىم ئابدۇقادىر توختى ئۇنىڭغا
ئۆلچەش خىزمىتىنى تېزلىتىشنى ئالاھىدە
تاپىلىغانىدى . يېزا مەسئۇللىرى ئۆلچەش
نەتىجىسىگە تەقەززا بولماقتا ، بوستان -
لىقلار ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتمەكتە ئىدى .
مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىشنى تاشلاپ كې -
تىش مۇمكىنمۇ ؟!

— سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقىلى شۇنچە
زامان بولدى ، لېكىن بۇ يەردىكى دېھ -
قان - چارۋىچىلار تېخىچە نامراتلىقتىن
قۇتۇلالمايۋاتىدۇ ، ئۇلار بىزدىن ئۈمىد
كۈتمەكتە ، ئېيتىڭلارچۇ ، بىز ئۇلارنى
تاشلاپ كېتەلەيمىزمۇ ؟

ھېچكىم ئۈندىمىدى . ئۆزلىرىنىڭ 50
ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم باشلىقى ئەنە
شۇنداق ئىرادىگە كەلگەن تۇرسا ، يەنە
نېمە دېيىش مۇمكىن!؟

قوشۇمچە تەشمە ئېغىزى تاللانغاندىن
كېيىن ، تىك يار يۈزىدىكى بۇ نۇقتىغا
چىقىپ مەشغۇلات قىلىش مۇمكىن بولماي
قالغاندا ھەتتا بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل
قىلىشنى ئابدۇقادىر داشۆسىگە تاپشۇر -
دى . ئۇ ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ،
شوتا ياساشتىن ياخشى چارە يوقلۇقىنى
جەزملەشتۈردى . ئالتە تال ياغاچنى ئۇ-
لاپ ياسالغان 25 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى شو-
تا تېزلا پۈتكۈزۈلدى . ئەمما ، مىڭ تەس-
تە يار يۈزىگە تىكلەنگەن شوتا ئۆز ئې -
غىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي « قاراس » قى -
لىپلا سۇنۇپ كەتتى . ياغاچ چوڭايتىلسا
تىكلەشكە ئامال بولمايتتى. ئىنچىكە بول-
سا بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى
بولمايتتى. «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك
شۆبىۋەنىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈت -
تۈرگەن بۇ ياش ئىنژېنېر ئاخىرى ئامال
تاپتى : شوتىنى 18 مېترغا قىسقارتىپ ،
يارغا ئاساسەن تىك دېگۈدەك ئورناشتۇ -
رۇشنى قارار قىلدى ... شوتا تىكلەندى .
مۇقىمدىغۇچى تىرەكلەرمۇ قويۇلدى . لې -
كىن بەرىبىر 18 مېتر ئېگىزلىكتە بولغاچ
يەنىلا تىترەپ تۇراتتى .

— قېنى ئەمىسە، باشلايلى ! - ئابدۇ -
قادىر داشۆسىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە خى -
تاب قىلدى .

ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ھېچكىم ئىنكاس
قايتۇرمىدى ، ئورنىدىنمۇ قوزغالمىدى .
ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك تۇر-
غان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئېنىق ئاڭلىغا -
نىدى . ئەمما ... ئەمما 18 مېتر ئېگىز -
لىكتىكى شوتىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ تىك
يارغا جوتۇ ئۇرساڭ ، نەچچە ئون مېتر
ئېگىزلىكتىكى تىك ياردا ساڭگىلاپ تۇر -
غان تاشلار غولاپ چۈشمەيدۇ دەپ كىم
ھۆددە قىلالايدۇ ؟ ئالىمادىس شۇنداق
بولۇپ قالسا ، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇش ، دال-
دىغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئۆلۈمگە
تەۋەككۇل قىلىش ئەمەسمۇ ؟ ھەممەيلەن
مۇشۇلارنى ئويلاۋاتاتتى ، ئاتا - ئانىلى-
رى، خوتۇن-بالىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرۈۋاتاتتى ...

ئابدۇقادىر داشۆسىنىڭ بىردەم كۈتتى .
كۆپچىلىكتىن ئىنكاس بولمىغىنىنى كۆرۈپ

ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىخەتەرلىك قالپىقى-
نى كىيدى، جوتۇنى قولىغا ئالدى، ئا-
دىن يېزىنىڭ سۇ كاددىرى مۇسا غوجەخ-
مەتكە نەزەرىنى تىكتى. مۇسا غوجەخ-
مەت — ئەمدى 40 ياشقا كىرگەن بۇ ئە-
زىمەت ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرى-
دىن گويا «ئۆزۈڭنى كاددىر سانىساڭ،
مەيدانغا چىقىدىغان پەيت كەلدى!» دې-
گەن مەنانى چۈشەندى. ئۇن - تىنسىزلا
ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار لەپەڭشىپ،
ئەگىپ تۇرغان شوتىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ،
تىك يار باغرىغا ئېھتىيات بىلەن جوتۇ
ئۇردى. تۇنجى كۈنى ئابيومى 60 ساز-
تىمېتر كېلىدىغان كىچىككىنە ئويۇقچە
تەشتى. ئۇلار ئۇدا ئالتە كۈن شۇ تەر-
قىدە مۇئەللەقتە ئىشلەپ مەشغۇلات مەي-
دانى تەييارلاپ چىقتى.

— سىز شۇ چاغدا بۇنىڭ خەتەرگە تە-
ۋەككۇل قىلىش ئىكەنلىكىنى ئويلىمىدى-
ڭىزمۇ؟ - مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ئويلىماي قالامدىمەن؟! - ئۇ نې-
مىدىندۇر خىجالەت بولغاندەك كۆزلىرى-
نى مەندىن ئېپقاچقان ھالدا جاۋاب بەر-
دى، - دەسلەپتە تەشىمىگە كىرىشكىنمۇ
جۈرئەت قىلالمىغانىدىم، كېيىن ئويلى-
نىپ قالدىم: شۇنچە قېرىنداشلار تەشمە
ئىچىدە ئىشلەۋاتسا، خەتەرگە تەۋەككۇل
قىلىۋاتسا، ئەجىبا مەن قورقىمەنمۇ؟
ئۇلار ئالدىدا مېنىڭ كاددىرلىقىم نەدە
قالدى؟ شۇلارنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ
قالدىم، شۇنداق قىلىپ...

قۇرۇلۇش داۋامىدا قەيەر خەتەرلىك
بولسا تېخنىكلار شۇ يەرگە ھازىر بو-
لاتتى، قەيەر ئەڭ جاپالىق بولسا شۇ
يەردە ئىشلەيتتى. ئاخشاملىرى يەنە
يىغىن ئاچاتتى، بىر نېمىلەرنى ھېساب-
لايتتى... ئۇلارنىڭ بۇنداق جانپىدالىق
روھى خەلق ئىشچىلىرىنى چوڭقۇر تەسىر-
لەندۈردى. كىمدۇر بىرى تېخنىك خادىم-
لار تۇرۇۋاتقان بېرزېنت چېدىرنىڭ
سىرتىغا ياغاچ كۆمۈرى بىلەن
قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ: «تېخنىك
خادىملارنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە رەھ-
مەت!» دەپ يېزىپ قويدى. بۇنىڭدا
ئۇلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتكە بولغان
مىننەتدارلىقىمۇ، تېخنىك خادىملارغا قەلب
قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان رەھمەت - تە-
شەككۇرىمۇ مۇجەسسەملەنگەنىدى.

بىر قېتىم ۋىلايەتلىك قاتناش باشقار-
مىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللا قات-
ناش ۋە يول خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ چىرا
ناھىيىسىگە كەلدى ۋە يالقۇن ھاكىمنىڭ
تەكلىپى بىلەن تەشمە قۇرۇلۇش ئورنىنى
كۆرۈشكە چىقتى. دەسلەپتە ئۇ ھاكىمنىڭ
لەۋزىنى يەردە قويۇشقا كۆڭلى قىيماي
قۇرۇلۇش ئورنىغا چىققان بولسىمۇ، قۇ-
رۇلۇشنى كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كەلدى،
كۆرگەنسېرى كەتكۈسى كەلمىدى. چۆل -
جەزىرە ۋە تاغ - ئىدىرلاردىكى تالاي يول
قۇرۇلۇشى، تالاي سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى كۆر-
گەن بۇ باشلىققا يول، سۇ ئاساسىي قۇ-
رۇلۇشىنىڭ قانچىلىك جاپالىق بولىدىغان-
لىقى بەش قولدەك ئايان ئىدى. لېكىن
بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشنىڭ مۇشەققەتلىك-
لىكى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردە
پۈتۈنلەي ئىككى بىلەك ۋە جوتۇ بىلەن
گۆرجەككە تايىنىپ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتات-
تى. ھەر قانداق زامانىۋى قۇرۇلۇش، ما-
شىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش شارا-
ئىتى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبى-
نى ھەم بوستانلىقنىڭ غەيرەت - شىجا-
ئىتىگە بولغان سۆيۈنۈش، ئېھتىرام ھەم

ئۇلارغا بولغان ئېچىنىش، ھېسسىداشلىق
ئاردىلىشىپ كەتكەن بىر خىل سەزگۈ قاپ-
لىۋالدى:

— قېرىنداشلار، مەن قاتناشنى باشقۇ-
رىدىغان ئادەم، كىمىكى يول ياسىسا،
كۆۋرۈك سالسا، ئۇنىڭغا ياردەم
بېرىش، مېنىڭ بۇرچۇم، گەرچە
بۇ يەردە سىلەر يولغا ئەمەس، سۇقۇرۇ-
لۇشقا ئىشلەۋاتقان بولساڭلارمۇ، لېكىن
سىلەرنىڭ ئانا يۇرتۇڭلارنىڭ قالاقلىيا-
پەتتىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى جان پىدالى-
قىڭلار مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى،— بۇ
يەردىن جىمجىملا كېتىپ قېلىشنى ۋىجە-
دانى كۆتۈرمىگەن غەيرەت ئابدۇللا كۆز-
لىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئەتراپىدىكى
خەلق ئىشچىلىرىغا بىرمۇ بىر نەزەر سال-
غاچ سۆزىنى داۋام قىلدى،— مەن قاتناش
باشقارمىسىغا ۋەكالەتەن خەلق ئىشچىلى-
رىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا
30 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىمەن!

— رەھمەت، ھەشقاللا! — سۆز بىلەن تەڭ
چاۋاك ياڭرىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ۋەدىسى نەقلەش-
تى، ئىككى قېتىمدا 30 مىڭ يۈەن نەقپۇل
يېتىپ كەلدى. بوستانلىقلارنىڭ جاسارى-
تىدىن تەسىرلەنگەن، قېرىنداشلارچە يار-
دەم قولىنى سۇنغان بىرلا قاتناش باش-
قارمىسى ئەمەس ئىدى. قۇرۇلۇش قوما-
دانلىق شتابى يەنە خوتەن مەمۇرىي مەھ-
كىمىدىن بېرىلگەن 15 مىڭ يۈەن، خەلق
ئىشلار باشقارمىسىدىن بېرىلگەن 10 مىڭ
يۈەن ياردەم پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

پۈتكۈل قۇرۇلۇش داۋامىدا، يېزا بو-
يىچە توققۇز قېتىم بىرلەشمە جەڭ ئېلىپ
بېرىلدى، قالغان ۋاقىتلاردا قاۋۇل ئەم-
گەك كۈچلىرى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ ئىش-
لىدى. ئەمما قۇرۇلۇشتا ئىشلەشكە قۇربى
يەتمەيدىغانلارمۇ قاراپ تۇرمىدى. باش
قاراسۇ كەنتى بۇ قۇرۇلۇشتىن بىۋاستە
مەنپەئەت ئالمايتتى. لېكىن ئۇلار بوستان
يېزىنىڭ قىياپىتى ئۆزگەرسە ئۆزلىرى بۇ-
نىڭدىن ھەرگىز مەنپەئەتسىز قالمايدىغان-
لىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. بۇ كەنتتە ھەر
ئىككىسى 50 ياشتىن ھالقىغان مەھەممەت غە-
زەل، ياقۇپ غەزەل ئىسىملىك بىر تۇغقان
ئاكا-ئۇكىلار بار ئىدى. ئۇلار قۇرۇلۇش ئور-
نىدا ئىشنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى
ئاڭلاپ بەخىرامان يۈرەلمىدى: «ھەتتىنگە-
نەي، ياش ۋاقتىمىز بولغان بولسا...» ئۇلار
مۇشۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە بوردىغان كا-
لىسىنى يېتىلەپ ئىش ئورنىغا ماڭدى...

بوستان يېزا ئاراقىر سۇ قۇرۇلۇش قۇ-
ماندانلىق شتابىنىڭ «ئىئانە توپلاش-
تاپشۇرۇۋېلىش خاتىرىسى»نى ۋاراقلىسا-
ڭىز، مۇنۇ قۇرلار كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ:

— مەھەممەت تۇرسۇن جىگدە، بوستان
كەنتىدىن، پېنسىيىگە چىققان كادىر، ئال-
تە تۇياق قوي...

— قايىم ھېيت، نەزەرباغ كەنتىدىن،
50 ياش، چارۋىچى، بىر تۇياق كالا...

— مۇسا مەممەتشا، يېزىلىق ھۆكۈمەت
كادىرى، بىر تۇياق كالا...

...

قۇرۇلۇش داۋامىدا 35 ئىدارە
مەكتەپ، 13 كوللېكتىپ ئورۇن،
87 ئائىلە دېھقان - چارۋىچى ۋە
ئىشچى - خىزمەتچى، جەمئىي 133 مىڭ
446 يۈەن قىممىتىدە نەقپۇل ۋە ماددىي
نەرسە ئىئانە قىلدى.

بوستانلىقلار پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ
غەمخورلۇقىنى جاۋابسىز قالدۇرمىدى، ھەر
قايسى ئورۇن ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ يار-

دىمىنى بىكار كەتكۈزمىدى، ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۆز يۇرتىنىڭ نامرات قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك بۇ جەڭنى بەكمۇ ياخشى قىلدى. پەم - پاراسەتلىك، غەيرەت شىجائەتلىك بۇ خەلقنىڭ —

## بوستانلىقلارنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ پارلاق

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا 1992- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا چىرا ناھىيىسىدىن مەخسۇس ئېلىپ كېلىنگەن، نەپىس ئىشلەنگەن بىر پارچە تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا بوستان يېزا ئاراقىر سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، ۋالىينىڭ قاتنىشىپ بېرىشى ئۈمىد قىلىنىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ۋالىي تەكلىپنامىگە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن ۋاڭ فامىلىلىك يولداشقا لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا سەل-پەل تەئەججۈپ ئىپادىلەندى:

— باش زاكۇ سېلىندىمۇ؟

— ياق.

— سۇ چىققاش كۆلچىكى پۈتتىمۇ؟

— ياق.

— ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلېكتر چىراغ ئورنىتىلدىمۇ؟

— ياق.

ۋالىي بۇلارنى سورىمىسىمۇ بىلەتتى، لېكىن ئەتەيگە سورىدى. ھېلىقى يولداش ھەممىلا سوئالغا «ياق» دەپ جاۋاب بەرگىنىدىن ئۇيالدى بولغاي، ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى.

— بىز بىرەر قۇرۇلۇشنى ئىشلىگەندە مۇراسىم ئېچىش، تەبرىكلەش ئۈچۈنلا ئىشلىمەيمىز. بىز «غوجام كۆرسۇن»گە ئىش قىلماسلىقىمىز، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، - ۋالىي ھېلىقى يولداشقا تىكىلىپ تۇرۇپ ۋەزمىن تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى، - مەن يىغىنىڭلارغا قاتناشمايمەن، سىلەرمۇ ئەڭ ياخشىسى ئاچماڭلار، قۇرۇلۇشنىڭ چالا قىسمىنى ياخشى ئىشلەڭلار. قاچانىكى قۇرۇلۇشقا ئىشلىگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلېكتر چىراغ تارتىلىپ بولسا، قۇرۇلۇشنىڭ چالا قىسمى تولۇق پۈتۈپ بولسا، مەن شۇ چاغدا بېرىپ يىغىنىڭلارغا قاتنىشىمەن.

ۋالىينىڭ بۇ سۆزىدە تەنقىدمۇ، ئىلھاممۇ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشتەك تەلەپچانلىقمۇ ئىپادىلەنگەنىدى. چىرا ناھىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋالىينىڭ قەلبىنى تولۇق چۈشەندى، مۇراسىم ئېچىلمىدى. يالقۇن ھاكىم كېيىنكى خىزمەتلەرنى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇردى. يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئۈنۈمىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش، بوستاننىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا مەخسۇس مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، مۇناسىپ قارار ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

ھازىرغا قەدەر، چەت، يىراق كەنتلەردىن ئۆزگە ئېلېكتر سىم لىنىيىسى قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئون كەنتنىڭ ھەممىسىگە سىم يولى تۇتاشتۇرۇلدى، 1100 ئائىلىگە ئېلېكتر چىراغ ئورنىتىلدى. 418 ئائىلە تېلېۋىزور سېتىۋالدى. 50 پىرسەنت ئائىلە ئۈنئالغۇ ياكى رادىئو قوبۇللىغۇچ سېتىۋالدى. يېزىدا قۇرۇلغان ئۇن زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتى. ئېلېكتر ئىستانسا توك بېرىشكە باشلىغان قىسقىغىنا يەتتە ئايدا ئومۇمىي

كىردىمى 11 مىڭ يۇەندىن ئېشىپ كەتتى .
ئېخىمۇ مۇھىمى سۇغىرىش شارائىتى
تۈپتىن ياخشىلاندى . 6 - ئايغىچە بۇغداي
تېرىيدىغان ھالەتكە ئۆزۈل - كېسىل خا-
تىمە بېرىلدى . 28 مىڭ مو يەرنى ۋاق -
تىدا سۇغىرىش ، تولۇق كۆكەرتىش ئىش-
قا ئاشتى . يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈ -
مەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمى -
سىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئا-
ساسەن جانلىق تەڭشەش ، ئورۇنلاشتۇ -
رۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى . ئون
مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ قوش قەۋەت
ئوتلاق بازىسى بەرپا قىلىش پىلانلىنىپ،
تەييارلىق خىزمەتلەر باشلىنىپ كەتتى .
مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىل نوپۇسقا توغرا
كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 430
يۇەنگە يېتىدۇ .

بۇرۇنقى بوستان كۆكلىيەلمىگەن بوس-
تان ئىدى، ئىزگىن ئۆز ئىختىيارىدا بول-
مىغان ، پەرۋاز قىلالمىغان تۇلپار ئىدى،
تەقدىر ئىزگىنى تەبىئەتنىڭ ئىلكىدە
ئىدى . ئەمدى بوستانلىقلار بۇنداق ھا -
لەتنى ئۆزگەرتتى ، تەقدىر ئىزگىنىنى
قولىغا ئالدى . سۇ ۋە ئېنېرگىيە مەسىلى-
سىنىڭ ھەل بولۇشى بىلەن « جان تو -
مۇر » غا جان كىردى . مۇشۇ يېقىندا
چاقار ، ئۈلۈغساي ، نۇرى ، بوستاندىن
ئىبارەت تاغلىق رايوندىكى تۆت يېزىنى
ناھىيە بازىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان
145 كىلومېترلىق ئاسفالت يولنىڭ نۇ -
رىدىن بوستانغىچە بولغان 35 كىلومېتر -
لىق ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە ماي ياتقۇ -
زۇش باشلاندى . بۇ يىل قىش كىرىشتىن
بۇرۇن بوستانغا بارىدىغان بۇ يولغا پۈ-
تۈنلىيە بويىچە ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ
بولىدۇ . دېمەك « قان تومۇر » ھەرى-
كەتكە كېلىدۇ، راۋانلىشىدۇ، جانلىنىدۇ.

ئىككى ئاساسى « تومۇر » ىغا جان
كىرگەن بوستان ئەمدى كۆكلەيدۇ ، با -
راقسانلايدۇ، تولۇق مەنىسى بىلەن بوس-
تانلايدۇ ، تەقدىر ئىزگىنىنى ئۆز قولىغا
ئالغان بوستان ئەمدى پۇت - قولىدىكى
چۇشەكتىن خالاس بولۇپ پەرۋاز قىلىدۇ.
ئۆرلە ، پەرۋاز قىل ، بوستان !

1993 - يىل سېنتەبىر

(بېشى 62 - بەتتە)

دادامنىڭ دوستلىرى ۋە ئۇنى تونۇيدى-
غانلار ناھايىتى قىزغىن پاراڭلار قىلاتتى...
قۇربانىنياز ئاكا ئۆز ئاتىسى ھەققىدە
يۇقىرىقىلارنى سۆزلەپ ئۆتتى، ئەمما ئۇ
ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇ-
راتتى...

مەن، جاھالەتپەرەس شىڭشىسەي دەۋ-
رىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرى بىلەنچول-
پان بولغان ئاشۇ مەتروزى ئاكىنى كۆپ-
چىلىككە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە كى-
چىككىنە بىر ئۇچۇر سۈپىتىدە بۇ ئەسى-
رىمنى يېزىپ چىقتىم، ئەلۋەتتە يوقتىن
ياخشى دېگەندەك باشقىلارنىڭمۇ بۇ جە-
ھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ۋە ئەتراپلىق
ئىزدىنىشلىرىگە ئاسانلىق تىلەيمەن!

# تەتۈر پېشانە

( ھېكايە )

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ھەر كىمدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىگە نىسبەتەن ئىنتىزارلىق، تەشنالىق، ئاشىقلىق بولىدۇ. بۆلەنچەككە تېڭىلگەن بوۋاق ئانا قۇچىقىغا، قورسىقى ئاچقاندا بولسا سۈتلۈك ئەمچەككە تەشنا بولىدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ بولسا بەزىلىرى كىتابقا، بەزىلىرى گۆش-نانغا، بەزىلىرى كەمپۈتكە ھېرىسمەن كېلىدۇ. بۇرۇتى خەت تارتىپ، قەلبى شېرىن چۈش قوينىدىن قايتقان يىگىتلەر بولسا قىزىلگۈلنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان غۇنچىلىرىدەك گۈزەل، سۇ بويلىرىدا ئۆسكەن يۇمران قومۇشتەك زىلۋا بويلۇق قىزلارغا ئاشىق بولىدۇ. قېرىلارنى دەۋاتامسىز؟ ئۇلار شەك-شۈبھىسىزكى ھاياتقا، ئاندىن قالسا خۇداغا ئاشىق بولىدۇ.

ئەمما قادىرنىڭ ئاشىق بولغانلىرى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ بۇلارغا ئاشىق بولۇشنى ئويلاپ كۆرگىنىمۇ يوق. پەقەت ئۇنىڭ يادىغا يەتكىنى-پېشانىنىڭ ئوتتۇزدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ھەم ئۆزىنىڭ چەكسىز سوزۇلغان تەكلىماكان چۆللۈكلىرىدە يىگانە ئۆسكەن يالغۇز توغراقتەك غەمگۇزارسىز، ھەمنەپەسسىز، يار-يۆلەكسىز يەكتانە ئۆتۈۋاتقانلىقى، خالاس. خۇدا خالىغان بولسا بىرەر رەھىمدىل ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن تولغاق يەپ ئەللەي ناخشىسى بىلەن تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلاپ بىرەر قىزچۈك قىلغان بولغىيدى. چۈنكى ئادەمئاتىغا ھاۋا ئانىنى جۈپ قىلىپ ياراتقان خۇدا ئەلۋەتتە ئۇنىمۇ جۈپتىسىز ياراتمىغاندۇ. بىراق ئۇ ئۆزىگە تالىق بولغان ھەممەڭگۈ ھەمراھ بولۇپ چىرىغىنى يورۇتىدىغان، قەلبىنى ئىللىتىپ ئائىلىۋى بەختتىن ھوزۇرلاندۇرىدىغان ئاشۇ بەختنى نەدىن ئىزدەشنى بىلمەيتتى.

قادىرنىڭ خىزمەتكە چىققىنىغىمۇ ئون نەچچە يىل بولۇپ قالدى. كۆزىنى يۇمۇپلا ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئون نەچچە يىل قادىرنى ئوبدانلا جۆدىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكە-مەسخىرىسىگە تۇتۇرۇق بولۇپ بەردى. ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكلا قالغان بۇ يىگىت كىشىلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىلىرىدە، قىشچە قۇشلار چوقۇلاپ چۈشۈرگەن جىگدىلەرنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن مەھەللىنىڭ جىگدىلىك باغلىرىدا تىنەپ يۈرۈپ چوڭ بولدى. يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق مەكتىپىدە خەت-ساۋاتىغا ئېرىشتى. ئەقلىگە كەلگەنسېرى ياخشى ئوقۇپ كىلەچەك مەشئىلىنى ئۆزى ياندۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئوقۇش ۋە تاماق يەپ قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىنى ئويلىمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ چۈشلىرى قالايمىقانلىشىپ، ئېڭىكىگە ئازتولا تۈك چىقىشقا باشلىغاندىمۇ ئۇ دىققىتىنى چېچىپ شەھلا كۆزلەرگە قاراپ تەلمۈرۈپ يۈرمىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزلار سىرلىق بىر ئالەم بولۇپ

تۇيۇلاتتى. ئاقىۋەت ئۇ ھايات مەشىقە-
لىرىنى ئۆزى يورۇتۇشقا قادىر بولالىدى.
مىلىڭ چاپالىقتا تېخنىكۇمغا قوبۇل قىلى-
نىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئايدا
توت-بەش تەڭگە ما ئاشقىمۇ ئېرىشتى.
بىراق، شۇندىمۇ بۇ بايقۇشقا
تەييار ئاش-تائام نەدە دەيسىز؟
دەسلەپىدە ئۇ تونۇش-بىلىشلىرى، خىز-
مەتداشلىرى، يېقىن-يورۇقلىرىنىڭكىگە
كىرىپ-چىقىپ، بارغا شىرىك بولۇپ
يۈردى. كېيىنچە ئۇلارمۇ قادىردىن ئاز-تولا
زېرىككەنلىكىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئى-
پادىلەشتى. شۇنىڭ بىلەن قادىر ئۈچۋاخ
غىزاسىنى يېزىنىڭ ئىسلاشقان ئاشخانى-
لىرىدا، ناۋايخانىلارنىڭچەللىلىرى ساڭ-
گىلاپ تۇرغان پەشخونلىرىدا بۆركۆتتەك
قونۇپ ئولتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشقا
مەجبۇر بولدى. «قورساق دېگەن قېپىنى
ئانامنىڭ بۆز خالتىسىدەك نېمە» دەپتى-
كەن كونىلار. بۇ قادىرنىڭ ئەمەلىيىتىدە
ئىسپاتلىنىپ، تاپقىنى گېلىدىن تېزۈك
ئاشمىدى. شۇ سەۋەبتىن نامىدىلا ئالغان
ئامانەت كىنىشكىسىدە كىشىنى سۆيۈندۈر-
گۈدەك چوڭ رەقەملەرمۇ يوق ئىدى. بۇ
ھال كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان
توي سېلىقلىرى ئالدىدا ئۈنىمات قىلىپ
تەس كۈنگە قويدى. ئۇمۇ تىرىك ئىنسان،
ھېس-تۇيغۇغا باي قەلب ئىگىسى بولغاچقا،
ئاندا-ساندا توي قىلىشتىن ئىبارەت
شېرىن خىيالىنىمۇ قىلىپ قوياتتى. بىراق
ئامانەت كىنىشكىسى ئۇنىڭ بۇ ئارمانلى-
رىنى بازغانلاپ كەلگەچكە، بۇ ئارمان كۆ-
پۈكتەك قەدىرسىزلىك ئىچىدە ھىلىغىچە
ئۇنىڭ قەلبىدە بىخسىپ قېلىۋەردى. ئۇ
پەقەت بىغەم، تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىيا-
پەتكە كىردۈۋېلىپ كۆڭلىدىكى ئىس-بۇ-
سىنى سىرتقا چىقارماي يۈرسىمۇ، كۆڭلى-
دە ئەلەم بىلەن ئاي-كۈنلەرنى ۋە ئۆزى-
نىڭ يېشىنى ساناپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆيلىنىشتىن سۆز ئېچىش بەكمۇ
كۆڭۈلسىزلىكتەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇخلى-
غان يىلاندەك تۈگۈلۈپ، بېشىنى ئىچىگە
تىقىپ، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ توي ۋە
قىزلار توغرىسىدا قىلىشقان چاقچاقلىرى-
غا دۈچ كېلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان
ھالدا خىزمىتىگە بېرىلەتتى. ئۇ بىرەر
ئىش بىلەن خىزمەتداشلىرىنىڭكىگە كىرىپ
قالغۇدەك بولسا، چىنىدەك رەتلىك تۇتۇل-
غان ياتاق ئۆيلەرنى، لۆم-لۆم ساپا،
ئېسىل ئۈستەللەر بىلەن بېزەلگەن، رەڭ-
لىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ-
دېگەندەك ئۈسكۈنىلىرى بار ئېسىل دەر-
پەردىلىك مېھمانخانىلارنى كۆرۈپ خۇر-
سىنىپ قوياتتى. «مەنمۇ قاچانلاردا مۇ-
شۇنداق ئىللىق، بەختلىك ئائىلىگە ئې-
رىشەرمەن؟» دەپ خىيال قىلاتتى. ئەمما
ئۇنىڭ بۇ خىياللىرى جاۋابسىز قالاتتى.

قادىرنىڭ ئاشقىلىقى بۈگۈنكى يەك-
شەنبەدە، تازا قىزىغان چولاقتام كوچىسى-
دا باشلاندى. ئۇ ئاخشام ئېشىپ قالغان
سوغۇق چاي بىلەن قاتتىق-قۇرۇق بول-
سىمۇ بىر گىردىدە ناشتا قىلغاندىن كې-
يىن ۋېلىسىپت بىلەن ناھىيە بازىرىغا
قاراپ يول ئالدى. ئون ئىككى كىلو-
مېتىرلىق بۇ مۇساپە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىزىق
مەنۇتلۇق يول ئىدى. ئۇ ئاشۇ يولدا
ۋېلىسىپت بىلەن يۈرۈشنى تولىمۇ ياخشى
كۆرەتتى. چۈنكى بۇ يولدا ئۇ ئوقۇتقان
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كۆپ-
رەك ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار دىدارلىشىپ
قالسا قادىرزدىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ

كېتەتتى. قادىرمۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى
ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغان ھالدا كېزىتتىن
كۆرگەن-بىلگەن يېڭىلىقلىرىنى دېھقانلار-
غا سۆزلەپ بېرەتتى. سۆز ئارىلىقىدا ئو-
قۇغۇچىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى بازارغا
ئويناتقىلى ئېلىپ ماڭغان، ھارۋىنىڭ بىر
بۇرجىكىدە تارتىنىپقىنا ئولتۇرۇپ ئۇلار-
نىڭ پارىڭىغا قۇلاق تۇتۇۋاتقان چىراي-
لىق قىزلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارى-
ۋالاتتى...
بۈگۈن ئۇنىڭغا تونۇشلارمۇ ئۇچرىمىدى.
شۇڭا ئۇ ھايال بولمايلا ناھىيە بازىرىغا
يېتىپ كەلدى. ۋېلىسىپىتنى ساقلاش ئور-
نىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىن كېيىن رەست-
لەرنى مەقسەتسىز ئايلىنىشقا باشلىدى.
ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ چولاقتام كوچىسىغا
كەلگەندە، ئىش پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈس-
تۈن بولۇپ كەتتى. ئىنچ تۇرغان كۆل
سۈيىگە چالما تاشلانغاندەك ئۇنىڭ كۆڭ-
لىمۇ داۋالغۇدى. ئاشىقلىق دەل مۇشۇ
يەردىن باشلاندى.
چولاقتام كوچىسى بازارنىڭ ئەڭ قاي-
ناق، ئادەم كۆپ توپلىنىدىغان رەستىسى
ئىدى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ بەكلا
قىزىپ كەتكەنىدى.
قادىر ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا كىشى-
لەر توپلىشىۋالغان بىر يەردىن قوماچ
قورۇغاندەك پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان پو-
چاكزا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئالمان-تال-
مان شۇياققا قاراپ ئاققان كىشىلەرا دول-
قۇنىغا قوشۇلدى - دە، پوجاكزا ئاۋازى
بىلەن ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنى
بىر ئالغان ئاشۇ دېڭىزغا يېتىپ كەلدى.
مىڭبىر قىيىندا ئالدى رەتكە ئۆتۈپ
كۆردى. ئەيھاننەس، نېمە كارامەت بۇ؟...
پاكىز سۈرتۈلگەن ئۈستەللەر رەتلىك

تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پەشۋا
دېگەننى گۈل كەلتۈرۈپ ئېتىۋاتقان چام-
باشچىلارنى ئىچىگە سولىۋالغان رەڭلىك
تېلېۋىزور، يالتىراپ تۇرغان توڭلاتقۇ،
پاشائىشانىڭ «جانىم ئانا» دېگەن
ناخشىسى ياڭراپ تۇرغان قوش قاپلىق
ئۈنئالغۇ، قەغەز يەشىكىنىڭ بىر تەرى-
پىدىن قورسىقى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرى-
دىغان كىر ئالغۇلار قاتار تىزىۋېتىلگەن،
ئۇنىڭدىن باشقا يۇڭ ئەدىيال، سىرلىق
داس، چىنە - قوشۇق، سوپۇن - لۆڭگە،
چاي - سەرەڭگە دېگەنلەر تۆكمە قىلىۋې-
تىلگەنىدى. قادىر بۇ نەرسىلەرگە ھەۋەس
بىلەن قاراۋاتقاندا يەنە پوجاكزا ئېتىل-
دى. ئۇ نەزەرىنى شۇ ياققا يۆتكەپ قا-
رىۋىدى، بىر تالمۇ چىشى قالمىغان، تام
تۆشۈكىدەك ئېغىزىنى خۇشاللىقتىن يۇمال-
مايلا قالغان بىر موماينىڭ قوش قاپلىق
ئۈنئالغۇدىن بىرنى قۇچاقلاپ تۇرغان-
لىقىنى، سورۇن باشقۇرغۇچىنىڭ ئۇنىڭ
بەختى ئۈچۈن بىر تىزىق پوجاكزىنى مو-
ماينىڭ باش - كۆزىدىن ئايلاندۇرۇپ ئې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
«ھەي ئالجىغان قېرى، قۇلىقىڭ ئې-
غىرلىشىپ، پۇت - قولۇڭ ئۇسسۇلغا كەل-
مەيدىغان بولۇپ قالغاندا نېمە دېگەن
ياراشمىغان بەخت بۇ ساڭا؟ تېخى بىر
ئۈنئالغۇ مۇكاپات ئالغىنىڭنى كۆرمەم-
دىغان، ياكى بەخت دېگەن تەتۈرىسىنى تا-
پامدىكىن؟...»
ئۇ يېنىدىلا تۇرغان بۇدرە چاچلىق بىر
يىگىتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىشىنىڭ تې-
گىگە يەتتى - دە، ئىچىدىكى يالقۇن كۆ-
چەيدى. ئۇ بىر چاغدىكى مۇكاپاتلىق
چەك تارتىشتىمۇ بىر خىزمەتدىشىغا رەڭ-
لىك تېلېۋىزور چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئە-

چىگە ئوت كىردۈالغانىدى.

— قېنى - قېنى مېھمانلار، ئىككى يۈەن خەجلەپ چوڭ مۇكاپاتلىنىشنى خالايدىغانلىرىڭلار چەك سېتىۋېلىڭلار، تەلىيىڭلارنىڭ ئۇچىدىن كېلىشىنى تىلەيمىز...

يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن بىر نازىنىنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلغۇچى، قىزىقتۇرغۇچى، روھنى ئۇرغۇتقۇچى يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز قايتا - قايتا تەكرارلىنىپ، ئىككىلىنىپ تۇرغۇچىلارغا ھازىرلا پېشانىسى ئۇچىدىن كېلىپ بەخت قۇشى قولىغا قونىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ ئىختىيارسىز چەك سېتىش بوتكىسى ئالدىغا سۆرەپ ئاپىراتتى.

قادىر ئاشۇ سېھىرلىك تورغا ئىلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردىن دەرھال كەتمەكچى بولدى. ئەمما پۇتى ئارغامچا بىلەن قوزۇققا باغلاپ قويۇلغان ئۆشكىدەك بىر دائىرىنى ئايلىنىپ، ھەر قانچە قىلسىمۇ يىراقلاپ كېتەلمىدى. نازىنىنىڭ سېھىرلىك ئاۋازىغا، يۈرەكنى ئويناتقۇچى نازلىرىغا قاراپ ئۇيان چۆگىلەپ، بۇيان ئايلىنىپ بىر - ئىككى سائەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ جەرياندا ھاسىغا چۈشكەن بوۋايغا بىر ۋېلىسىپىت، بىر جۈپ قىز - يىگىتكە (بىر - بىرىدىن كۆز ئۈزەلمىگىنىگە قارىغاندا يېڭىلا توي قىلغان بولسا كېرەك) رەڭلىك تېلېۋىزور چىقتى. پوجاڭزىلار ئېتىلدى. ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىكى خۇشاللىقىغا قاراپ ئۆز يۈرەكلىرىنىڭ سەل - پەل ئېچىشىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. مۇكاپاتقا چىققان يۈك ئەدىيال، سىرلىق داس، گۈگۈت، سوپۇننىڭغۇ ھېسابى يوق ئىدى.

قادىر ھەر قېتىم مۇكاپات چىققان كىشىلەر ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ مېڭىشقىنىدا كاچ تەقدىرنىڭ ئاشۇ نەرسىلەرنى ئۆزىگە بەخشەندە قىلمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ، ئىچ - باغرىنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى. بىراق، ئىككى يۈەن خەجلەپ چەكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىشقا ئۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

— خۇدا بەرسىغۇ مەنچە كىشى يوق، لېكىن مۇشۇ تېلېۋىزور سېنىڭكى دەيدىغانغا ئەلبەتتە تەڭرىنىڭ ۋەدىسى يوق. ناۋادا چەكتىن بىرنى ئېلىپ قويسام مۇكاپات ئورنىغا «ھەشقاللا» چىقسا، بىكاردىن يۈرەكنى تاتىلاپ قالمامدىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى يۈەن دېگەن تۆت كىردىنىڭ پۇلى. تېجىسەم مېنىڭ بىر كۈنلۈك تاماقىمغا دال بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، قولدا بار ئىككى تەڭگىنى ھاۋاغا سورۇۋەتمىگىنىم ياخشى...

ئۇ چاتقاللىق ئارىسىدا ئۇۋۇ كۈتۈپ، كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر تۆكۈپ يۈرگەن بۆرىدەك بېرىلىدىغان مۇكاپات بۇيۇملىرىنى يەنە بىر رەت ئايلىنىپ چىقتى. كۆزنى چاقنىدىغان بۇ ئالىي سۈپەتلىك سەرەمجانلارغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە پىتىراپ كۆڭلىنى ئارامسىزلاندۇراتتى. بۇ نامەلۇم نەرسە ئەگەر قادىر بىرلا قېتىم ئىككى يۈەننىڭ كۆزىگە قارىمىسىلا ئۇنىڭغا توڭلاتقۇ ياكى رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرى چىقىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندەك قىلاتتى. بۇ ۋەدە ئۇنىڭ قەلبىدە «ئەگەر ئىككى يۈەن پۇلۇم كۆككە سورۇلسا قانداق قىلارمەن» دېگەن ئەندىشە بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن ئېلىشىپ غەلىبە قىلىشقا يۈزلەنگەنىدى.

— ھېچ بولمىغاندا توڭلاتقۇدىن بىرى

چىقىشا ـ ھە!

قادىر شۇ خىيالغا كېلىشىگە قايسى كۈ-
نى خىزمەتدىشى قاسىمنىڭكىدە بولغان بىر
قېتىملىق ئولتۇرۇش ئۇنىڭ يادىغا كەلدى.

ــ مۇشۇ توخلاتقۇنى كەشپ قىلغان كى-
شى جەننەتكە كىرەمدىكىن دەيمەن،ـ دې-
گەنىدى شاھىبخان ماختىنىش نەزەرى-
دە،ـ پىژقىردىم ئاپتاپ، تونۇرنىڭ تەپتى-
دەك ئىسسىقتا جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە
بىرەر بوتۇلكا پىۋا ياكى بىرەر قاچا قې-
تىقنى مۇزلىتىپ ئىچىۋالساڭ، كۆڭلۈڭ كۆ-
تۈرۈلۈپ يېڭىدىن بىر ياشقا كىرگەندەك
بولۇپ قالىدىكەنسەن.

ــ تۇردىلار قۇربان ھېيتتا بىر قوينىڭ
بېشىنى كەسكەنىكەن، ئەمما ھاۋا ئىس-
سىق بولغاچقا گۆشنى ئۇزۇن ساقلىيالماپتۇ.
ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قازناقتا كىرىپ
قارىسا گۆشلەر مېڭىپ يۈرگۈدەك...

ــ شۇنى دېگىنە،ـ دېدى ساھىبخان بىر
ھازا كۈلگەندىن كېيىن،ـ بىزمۇ دەل ھېيت-
نىڭ تەييارلىقى ئۈچۈنلا ئىككى مىڭ بەش
يۈز يۈەنگە بۇ ئوقەتنى ئېلىۋەتتۇق. پۇل-
نى دېسەڭمۇ بىر مەزگىل توختىسا قىمۇ بو-
لاتتى. ئەمما كاساپەتنىڭ لەززىتى ھې-
لىقىدىن قېلىشمايدۇ.

ــ قادىر، سىزمۇ تەنھا بولغاندىن كې-
يىن، يىغىپ كۆكىرىپ كېتىۋاتقان پۇلل-
رىڭىزغا توخلاتقۇدىن بىرنى سېتىۋالما-
سىز؟ـ دېدى مېھمانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا
كۆزىنى قىسىپ. قادىر بىر نەرسە دېمەك-
چى بولۇپ لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرۇشىغا
يەنە بىرى سۆز قىستۇردى:

ــ قادىر ئالدى بىلەن قىزدىتقۇدىن
بىرنى ئالسا ئاندىن توخلاتقۇغا ئېھتىيا-
جى چۈشەرمىكىن دەيمەن.

ــ ھا... ھا... ھا...

ــ ھى... ھى... ھى...

كۈلكە ساداسى مېھمانخانىنى بىر ئال-
دى. قادىر ئىزادىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي
تىرنىقىنى كولىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.
ئۇ كەيپسىزلەنگەچكە شۇ ئاخشىمى تۇنجى
قېتىم راۋۇرۇس مەست بولدى. ئۇنىڭ
مەستلىكىدە چىقارغان قىلىقلىرىنى ئويلى-
سا ھېلىمۇ يۈزى لازىدەك قىزىراتتى.

ــ ئېھ خۇدا، بەندەڭنىڭ تىلىكىنى يەر-
دە قويما، قېنى مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم!
خۇدا ئۆزۈڭ مەدەتكار...

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا چەكتىن بىرنى ئال-
دى. چەكنى ئۆزى ئېچىشقىمۇ پېتىنالماي
نومۇر تەكشۈرگۈچىنىڭ ئالدىغىلا ئېلىپ
باردى.

ــ بۇنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ باقسىڭىز،
ئېھتىمال بىرەر توخلاتقۇ ياكى رەڭلىك
تېلېۋىزور چىقىپ قالار دەيمەن.

نومۇر تەكشۈرگۈچى چەك نومۇرىنى ئۇ-
دۇللاشتۇرۇپ قارىغاندىن كېيىن كۈلۈپ
كەتتى:

ــ كىچىك توخلاتقۇدىن بىرى چىقىپتۇ.

ــ راستما؟ـ ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنەلمەي
ھاياجاندىن تىترىگەن ھالدا نومۇر تەك-
شۈرگۈچىدىن قايتىلاپ سورىدى.

ــ راست بولمامدىغان؟ـ نومۇر تەك-
شۈرگۈچى كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا
بىر قاپ سوپۇنى قادىرغا سۇندى،ـ ئە-
تىرگۈل ماركىلىق!

ئۇ قولىدىكى ئالغاندەك سوپۇنغا قا-
راپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ گويا
ئۆزىنى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىدىن غۇ-
لاپ چۈشۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بىر
پەس نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندىن
كېيىن سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوشىشىپ
كەشلەر توپى ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

ئەمما ئۇ تەلىيىدىكى بىر نامەلۇم
كۆچنىڭ تارتىشى بىلەن مىغىلداپ تۇر-
غان كىشىلەر توپىدىن يەنە يىراقلاپ
كېتەلمىدى.

يەنە پوجاڭزىنىڭ ئاۋازىدىن كىشىلەر
دولقۇنى دەۋرەپ كەتتى. نۇرغۇن يۈرەك-
لەر ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشتى. قادىر
ئىچى ئېچىشقان هالدا قارىغانىدى، كۆ-
زەينەكلىك بىرىگە رەڭلىك تېلېۋىزورچە-
قىپتۇ.

— ئەستا،- دېدى ئۇ غۇدۇراپ،- تە-
لەي دېگەن سارائېمىدۇ؟ مانا بىزدەك بەش
ئەزايى ساق، كۈچ-قۇدرىتى تېشىپ تۇرى-
دىغان ئادەمگە ئوك كۆزىدە باقماي، كۆ-
زى خىرەلىشىپ گرادۇسلۇق ئەينەككە ها-
جەتمەن بولغان مۇنۇ بايقۇشقا تېلېۋىزور
ئاتا قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان؟

— يىگىرمە يۈەنلىك ئالغانىدىم،-
دېدى شېشە كۆز ماختىنىپ،- بىرىگە تې-
لېۋىزور چىقىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ كاساپەت-
نىڭ؟! ئۆيدىغۇ يىگىرمە بەش دىيوملۇق-
تىن بىرى بار ئىدى. مەيلى، ئىككىسى
بولسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ...

— هەي تەڭشەلمىگەن جاهان،- ئۇ ئۆز
گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى،- «پۇل
بايغا ئاقار، سۇ سايغا» دېگەندەك، ئۆ-
يىدە تېلېۋىزورى بار بىرىگە يەنە بىر
تېلېۋىزور چىققىنىنى كۆرمەمدىغان؟ خۇدا
تەڭشىسە بولمامدىغاندۇ؟ مانا بىزدەك ئۆ-
يىنىڭ تۆت تېمىدىن سۈرەت كۈتۈپ ئول-
تۇرغانلارغا شامال بار ئوخشىمامدۇ بۇجا-
هاندا...

ئۇ شۇ خىيال بىلەن تۇرغانىدا ئىچىدى-
كى نامەلۇم نەرسە قايتىدىن باش كۆتۈ-
رۈپ، ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىدى.
بۇ ئەمدى ئالساچوقۇم بەخت - تەلىيى كې-
لىدىغاندەك هېسسىيا تقا كېلىپ قالغانىدى.

— ئەگەر تېلېۋىزور چىقىپلا قالسا،
ئاخشاملىرى زېرىكىشلىكتە كىشىلەرنىڭكى-
گە تېلېۋىزور كۆرۈۋالاي دەپ كىرىپ-مۇ
يۈرمەسمەن،- دەپ ئويلىدى قادىر. ئۇ-
نىڭ قۇلاق تۈۋىدە هەنپە خانىمنىڭ ئا-
ۋازى ياڭرىغاندەك بولدى:

— رەڭلىك تېلېۋىزور دېگەنمۇ بولى-
دىغان نەرسىكەن،- دېگەنىدى قوشنى-
سى هەنپە،- ئەمما ماتېرىيالدا دېيىشچە
كۆزگە ئاز - تولا زىيانلىقمىش. مەيلى
ئەمەسمۇ؟ زىيان قىلمايدىغان نېمە بار
دەيسىز؟ بەزىدە ئادەمگە قۇۋۋەت بولىدى-
غان گۆشمۇ زىيان قىلىدىغۇ! هازىر بىز-
نىڭ باللار تېلېۋىزورغا قېنىپ كەتتى،
كۆرگىسىمۇ كەلمەيدۇ. ئەمدى سىز كىرىپ-
سىز قادىرجان، بولمىسا تېلېۋىزورغا يوق-
تىن ياخشى قارىساق قارايتتۇق، بولمىسا
ئۇنى ئاچمايتتۇق دەڭا...

قادىر هەنپىلەرنىڭ تېلېۋىزورسېتىۋې-
لىشتىن ئىلگىرى بەش بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ
باشقىلارنىڭكىگە تېلېۋىزور كۆرگىلى ماڭ-
غانلىقىنى قانچە رەت كۆرگەنىدى. مانا،
ئەمدى كېلىپ ئالقانچىلىك بار بىر تې-
لېۋىزور ئۇنى چوڭ سەكرەتمەكتە.

— ئەگەر تېلېۋىزور چىقىپلا قالسا، -
دەپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى قادىر،- ئې-
لىشقا سېتىپ بىر ئاز پۇل قىلاي، بىر-
ئىككى مىڭ يۈەن قىلالىسام، بىر ئەردىن
چىققان سېكىلەك بولسىمۇ توي قىلىپ
بېشىمنى ئوڭشىۋالارمەن...

— ياق، ياق،-دەپ بۇ خىيالىدىن ئاغ-
رىندى ئۇ، - تېلېۋىزور چىقىپلا قالسا،
ئۇنى ساتقانلىقىمنى مەخپىي تۇتۇشۇم
كېرەك. بولمىسا، «تېلېۋىزور سېتىپ خو-
تۇن ئالغان» دېگەن ئاتاقتىن مەڭگۈ خا-

لنى بولالمايمەن. چۈنكى بىر خوتۇنكەلـ
گۈدەك تېلېۋىزور پۇلى ئارانلا ئىككى
يۈەنلىك چەككە كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ تېـ
لېۋىزور مۇكاپات ئالغاندىن كېيىنكى
ئىشلارنى ئۆز رېتى بىلەن بىر قۇر ئويـ
لىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپلا
چەكتىن ئۈچنى سېتىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ
ئويىچە خۇدايىم مۇشۇ ئۈچ چەكتىن بىـ
زەرىگە تېلېۋىزور بېرىشى مۇمكىن ئىدى.
ئۇ چەكلەرنى يەنىلا ئۆزى ئېچىشقا پېتىـ
نالماي، نومۇر تەكشۈرگۈچىنىڭ ئالدىغا
ئاپاردى.

— كەچۈرۈڭ، ھەممىسى «رەھمەت»
ئىكەن.

— ھە...؟

ئۇ نومۇر تەكشۈرگۈچىنىڭ بۇ تەكەلـ
لۇپ ئارىلاش سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېـ
يىن، گويا دوختۇرنىڭ «راك كېسىلىگە
گىرىپتار بولۇپسىز» دېگەن دىئاگنوزىنى
ئاڭلىغان بىماردەك كۆز ئالدى قاراڭغۇـ
لاشتى. بارلىق ئارزۇ ـ ئارمىنى، ئالتە
يۈەن پۇلى بىلەن قوشۇلۇپ بىر ئېغىز رەھـ
مەتكە كەتكەنىدى. ئۇ بىر پەس ئەس ـ ھوـ
شىدىن كېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرـ
غاندىن كېيىن، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا
كىشىلەر توپىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ
«ئەمدى ھەرگىز چەك ئالمايمەن» دەپ ئۆزـ
ئۆزىگە ۋەدە قىلسىمۇ، قىزىپ كەتكەن ۋۇـ
جۇدى ئۇنىڭ رايىغا بارمىدى، پەش قېـ
قىپ كېتىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ قىـ
مارۋازلارنىڭ نېمىشقا ئۇتتۇرغانسېرى قىـ
مارغا بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىدىغانلىقىـ
نىڭ سەۋەبىنىمۇ ئەمدىلا تېنىن چۈشەنگەنـ
دەك قىلدى.

ئۇ «چەك ئالمايمەن، ئەمدى شەيتانـ
نىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىمايمەن» دەپ
نىيەت قىلغانسېرى ئىچىدىكى يالقۇنشاـ
مالغا دۈچ كەلگەندەك بارغانسېرى كۈچىـ
يىشكە باشلىدى. ئەگەر ئۇ چەكتىن بىرـ
نى ئالسىلا چوقۇم توڭلاتقۇ ياكى تېلېۋىـ
زور مۇكاپات ئالىدىغاندەك، ئاۋاز كۈـ
چەيتكۈچ ئارقىلىق سۆزلەۋاتقان نازىنىن
ئۈنىگىنىلا ئامەت تىلەۋاتقاندەك بىر تۇيـ
غۇ ئۇنى يەنە ئارامىدا قويمىدى. ئۇقايـ
تىدىن مۇكاپات بۇيۇملىرى قويۇلغان
مەيدانىنى ئىككى رەت ئايلىنىپ چىقتى.
ئەمدى ئۇنىڭ قەلبىدە چەك سېتىۋېلىشقا
قارشى تۇرىدىغان تۇيغۇ ئۆلگەنىدى.
ئۇ يانچۇقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون يۈەنـ
نى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، چەكتىن بىـ
راقلا بەشنى سېتىۋالدى. ئەمدى مۇشۇ قېـ
تىم ئالسىلا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي
كېتىمەن، ـ دەپ ئويلايتتى ئۇ. بۇ قېتىم
چەكلەرنى ئۇ ئۆزى ئاچماقچى بولۇپ مۇـ
كاپات نومۇرى يېزىلغان تاختىنىڭ ئالـ
دىغا كەلدى ـ دە، قەلبىدە ئۆزى بىلىدىـ
غان ئايەتلەرنى ئوقۇغانچە ئاللادىن بەخـ
تىنى تىلەپ، چەكنىڭ بىرىنچىسىنى ئاـ
ۋايلاپ ئاچتى. ئۇنىڭ نومۇرىنى تىرناق
بىلەن سۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن ھەر
بىر نومۇرنى ئوڭ ـ سولدىن خانىمۇـ
خانە سېلىشتۇرۇپ بولغىچە يېرىم سائەتـ
تەك ۋاقىت كەتتى، «تەلەيسىز ئۆستەڭگە
بارسا سۇغا ئېشەك تىزەكلەپتۇ» دېگەنـ
دەك، دەل ئۇنىڭ قولىدىكى چەكنىڭ نوـ
مۇرى تاختايدا يەنىلا يوق تۇراتتى. ئۇ
دىلىدا ئوقۇغان دۇرۇتلىرىنى بىر پۇل
قىلغان بۇ لەنىتى چەكنى يىرتىپ ـ يىرـ
تىپ شامالغا سورۇۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭـ
لى غەش بولغان ھالدا چەكنىڭ ئىككىنـ
چىسىنى ئاچتى. ئۇنىمۇ زور ئۈمىد بىلەن
ھەر بىر نومۇرنى نەزەرىدىن ساقىت قىلـ

مىغان ھالدا سېلىشتۇرۇپ چىقىۋېدى، تەلىيىگە ئالتىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات نومۇرىغا ئۇدۇل كەلدى. ھەر نېمە بولسا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر توپ سەرەڭگە مۇكاپات چىققانىدى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ئۈچىنچى چەكنى ئېچىپ سېلىشتۇرۇۋېدى، ئەپسۇسكى ئۇ قۇرۇق ھەشقالىغا كېتىپتۇ. قادىرنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ چەكنى تۈكۈرۈپ تاشلىۋەتتى. تۆتىنچى، بەشىنچى چەكلەرمۇ كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە سۇغا چۈشكەن تاشتەكلا يوقاپ ئۇنى داغ - ھەسرەتتە قويدى.

— ھۇ ئالدامچىلار، ساختىپەزلەر، تويمىغۇرلار، — دەپ تىللىدى ئۇ ئىچىدە ئېلانچى نازىنىن ۋە نومۇر تەكشۈرگۈچىلەرنى، — ھەممىڭ ئادەم ئالدايسەن. «سىلەرگە ئامەت تىلەيمىز» دەپ شېرىن سۆزلىشىسەن. قېنى ئۇ بىزگە تىلىگەن ئامەت؟ زۇۋانىڭغا توفى نائەھلىلەر...

ئادەم خاراكتېرى ھەقىقەتەن غەلىتە كېلىدۇ. شۇنچە قېتىمدىمۇ ئوبدانراق دو چىقمىغان قادىر «قىرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال» دېگەندەك، ئۇتتۇرغان پۇلىغا يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرسىمۇ جاھىللىقى تۇتۇپ، تەلىيىنى ئاخىرىغىچە سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ «خەپ، سەن ساختىپەزلەردىن بىرەر تېلېۋىزور مۇكاپات ئالمىغىنىمنى بىر كۆرۈپ شە!» دېگەن خىيال بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى قايسىدۇر بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلىنى ئاجرىتىپ كېلىش ئۈچۈن كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغانىدى. ئۇ ئامانەت كىنىشكىسىدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش يۈەن پۇلىدىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى يۈز يۈەننى قالدۇرۇپ، قالدىسىنى ئاجراتتى - دە، ھايالشىمايلا چو-
لاقتام كوچىسىغا قايتىپ كەلدى. «يا خىزىر، يا مەدەتكار» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئېلىپ كەلگەن پۇلىنىڭ ھەممىسىگە چەك سېتىۋالدى. ئەپسۇسكى سەككىز دانە لوڭگىدىن باشقا، تېلېۋىزورنىڭ سايىسىگىمۇ ئېرىشەلمىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلگىنىدە قەلبىدە ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان بىر پۇشايمان بوردىنى ھۇشقىيتىشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى سەرەڭگە ۋە لوڭگىلارغا قاراپ بىر پەس قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، بەدىنى ئۆكە - ئۆپكىلىرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك لەسىدە بوشىشىپ، كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. يۈرىكى سىيقىراپ ئېچىشاتتى. ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، كۆزلىرىگە كەلگەن مۆللىدە ياشنى زور چىدام بىلەن ئىچىگە سىڭدۈردى.

— لوڭگىلەرنى ساتامسىز؟

قادىر قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرى پۈتۈنلەي سۆكۈۋېلىنغان بىر بالا قاپقارا قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ لوڭگىلىرىنى سىيلاپ تۇراتتى.

— ئەرزان بەرسىڭىز مەن ئالاي، نان پۇلى تاپارمەن شۇ.

— ياق، — قادىر قوپاللىق بىلەن بالىنى سىلكىۋەتتى. ئاندىن قەلبىدە يامىرىغان ئازغىنە ئۈمىد بىلەن نومۇر تەكشۈرگۈچىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئاداشۇي، — دېدى ئۇ كىملەرگىدۇر نومۇر چۈشەندۈرۈپ تۇرغان قارىمۇتۇق يىگىتنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ، — مەن ئىككى يۈز ئەللىك سوملۇق چەك ئالغانىدىم. چىققان مۇكاپاتىڭلار مانا مۇشۇ.

— ئۆزىڭىزنىڭ تەلىيىدىن كۆرۈڭ، — دېدى يىگىت ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايغىنىچە.

— ئۆزەمغۇ ئەزەلدىن تەلەيسىز ئادەمىكەنمەن، — قادىر ئاچچىق بىلەن چىشلىرى ئارىسىدىن سۆزلىدى، — بۇنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلدىم. گەپنىڭ بولىدىغان يېرىنى قىلسام، چەك ئالغان پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ بېرەرسىلەرمۇ؟

— سىزنىڭ نېرۋىڭىز جايىدىمۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى نومۇر تەكشۈرگۈچى، — بىلسىڭىز بۇ يىغىلغان پۇللار مېيىپلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چىدىغانغا چىقارغان ئويۇن بۇ. ئەمدى كېلىپ پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى دېسىڭىز توغرا بولامدۇ؟ قارىغاندا ساۋاتسىز ئوخشىمامسىز؟

قادىر يەنە بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، توختاپ قالدى. ئەمدى ئۇ سىلەر مېيىپلارنى بىزنىڭ پۇلىمىزدا باقمىساڭلار ئۆزۈڭلار چىقىرىپ باقالماسسىلەر، دېمەكچى ئىدى. ئۇنداق دېيىشكە قادىرنىڭ ھەپسىلىسى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سالپايغىنىچە كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ لۆڭگىلەرنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئەتىگەن ۋېلسىپىتىنى قويغان يەرگە قاراپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا يەنە پوچاڭزىنىڭ چارىلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى...

— مەيلىلا، — دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەردى قادىر، — نۇرغۇن قىمارۋازلارنىڭ دوتىكىپ جېنىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. ھېچكىم مېنى مەجبۇرلىغىنى يوق، ئۆزۈم چەك ئالدىم. پېشانە دېگەن شۇنداق ئوخشايدۇ. ئوغۇل بالىچىلىقتا نېمىلەرنى كۆرمەيمەن دەيسەن...

ئۇ خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا خىزمەتدىشى دىلمۇرات ئۇچراپ قالدى.

— بەللى قادىر، بىر ساۋابلىقنى ئالاي دەپسەندە، بۇ لۆڭگىلەرنى ئېلىپ مۇنچىخانا ئاچاي دەۋاتامسەن؟ كىرىدىمى ئوبدان ھۈنەر بۇ ئاداش...

— تۇفى! — ئۇ ئاچچىقىدا دىلمۇراتقا بىرنى تۈكۈرگەندىن كېيىن، دىلمۇراتنىڭ «ساراڭ بولدۇڭمۇ؟» دېگەن سۆزىگە جاۋابمۇ بەرمەستىن قولىدىكى لۆڭگىلەرنى مىجىقلاپ كاللەكالىدى-دە، ئەلەم بىلەن رەستە مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تاش ئۆستەڭگە تاشلىۋەتتى. لۆڭگىلەر بىر پەس سۆرىلىپ ئاققاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا چۆكۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ زور ئۈمىد بەدىلىگە كېلىپ قالغان لۆڭگىلىرىنى يۇتۇۋەتكەن، لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى-دە، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي چوڭ-چوڭ چامدىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ شۇ تاپ ئۆز مەنزىلىنىڭ بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. قەلبىنى چىرمىۋالغان ئاچچىق ئەلەم ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنى كەيپسىزلەندۈرەتتى. ئۇ ئارانلا يۈزيۈەن پۇلى قالغان ئامانەت كېنىشكىسىنى سىقىمدىغىنىدا، دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈندى...

# ياغاچ كوڭكا①

(تارىخىي ئوچېرك)

يۈسۈپ توختى

خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ 50 يىلدىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ياغاچ كوڭكا ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقە ماڭا بىر سىر بولۇپ تۇيۇلۇپ كەلگەنىدى. يېقىندىن بېرى، دوست-بۇرادەرلەر: سەن مۇشۇ ئىشنى يېزىپ يورۇققا چىقارساڭ قانداق، دېگەن ئۈمىد - ئارزۇسىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، مادارىمنىڭ يېتىشىچە يېزىشقا كىرىشتىم. ئۆزۈممۇ بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ بىر مۆجىزىنى يېزىش قىزغىنلىقى بىلەن يىپ ئۇچى قىلىشقا بولىدىغان كىشىلەرنى ئاختۇرۇپ تاپتىم. ئۆز ۋاقتىدىكى كوڭكىنى كۆرگەن ۋە كوڭكا ھەققىدە بىرەر تەپسىلات سۆزلەپ بېرەلەيدىغان مۆتىۋەرلىرىمىزدىن ئابدۇللا ئىسمايىل ئاكا، ساۋۇت سايىت ئاكا، ئىمىن توختى بېگىم، يۈسۈن ئاخۇن تايتاق، قۇربانىياز ئاخۇن ئاكىلار بىلەن كۆپ قېتىم پاراڭ - سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىپ، قايتا - قايتا ئۇچراشتىم. 68 ياشلىق موزدۇز يۈسۈن ئاخۇن تايتاق② دېگەن كىشى كەتكەن ئەجرىمگە يارىشا مېنى خۇرسەن قىلىپ، ياغاچ كوڭكا ھەققىدىكى ۋەقەنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىشىمغا چوڭ تۈرتكە بولدى.

— مەن، — دېدى ئۇ، — شۇ چاغلاردا 17—18 ياشلاردا بولسام كېرەك، كوڭكا ياسىغۇچى مەرھۇم مەتروزى ئاخۇن ئۇستامنىڭ دىلكەش دوستلىرىدىن بىرى ئىدىم. 1942 - يىلى 8 - ئايدا مەتروزى ئاخۇن ئۇستام مېنى يورۇڭقاشتىكى ئۆيىگە كېلىپ كەتسۇن، دەپ چاقىرىتقانىكەن، دېمىسىمۇ ئۇستام بىلەن بىزنىڭ ئەسلى كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يەر — ھاڭگى يېزىسىنىڭ يېگىمۆستەڭ كەنتىدە بولۇپ، ئۇستام بىلەن قوشنىدارچىلىقتىن تاشقىرى يېقىن باردى - كەلدىمىز بار ئىدى. مەتروزى ئاخۇن ئۇستام ياشتا مەندىن خېلىلا چوڭ بولۇپ، مېنىڭ چاققان، راستچىل، ئاق نىيەت بالا ئىكەنلىكىم ئۇنىڭغا يېقىپ قېلىپ، مېنى ئۆزىگە ھەمراھ - ئاغىنە قىلىۋالغانىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى داڭلىق ھۈنەر ئىگىسى، ماھىر تۆمۈرچى ئۇستىلىقىدىن پەخىرلىنىپ، كۈندىن - كۈنگە ھېرىسمەن بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ئۆز بالىسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى... شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ مېنى نېمىشقا چاقىرىتقانلىقىغا قىزىقىپلا قالدىم.

ئېيتقاندەك، ئۇ مېنى قىزىق بىر ئىشقا چاقىرىتقانىكەن: توۋا خۇدايىم، ئۇنىڭ يورۇڭقاش بازىرى ئىچىدىكى ئۆيى ئالدىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆت مېتىردەك، كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر چامىسىدا، ئې-

---

① كوڭكا — ئىلگىرى يەرلىك خەلق ماشىنىنى كوڭكا دەپ ئاتايتتى.

② يۈسۈن ئاخۇن تايتاق — 1992- يىل 12- ئاينىڭ 20 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

گىزلىكى بىر مېتىردىن سەل ئېگىز، تۆت
چاقلىق بىر نەرسە تۇراتتى. مەن شۇ
نەرسىنى كۆرۈشكەكەلگەن مىڭ-مىڭ ئادەم-
لەر توپىنى يېرىپ، ئۈستىنىڭ ئۈيىگە قا-
راپ ماڭدىم. مەن ئۈستىنىڭ ئۆيىگە كى-
رىپ - چىقىپ يۈرگەن ناتونۇش كىشى-
لەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۇستا بىلەن
نېمىلەردۇر بىر نېمىلەر ھەققىدە قىزىقىپ
پاراڭلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئە-
جەبمۇ خۇش پېچىم، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۆت-
كۈر قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان،
ئاق پىشماق كەلگەن ئۇستا كېلىپ-كەت-
كەنلەرنى كۈتۈپ، ئۇزىتىپ تۇراتتى. بىر-
دىنلا ئۇستا ئادەملەر ئارىسىدىن مېنى
كۆرۈپ قالدى - دە، تىنچ - ئامانلىق
سوراپ، باش - كۆزلىرىمنى سىيلاپ، بىر-
دەمدىلا داستىخانغا قېتىق ۋە يۇمشاق توم
نانلارنى دۆۋىلەپ قويدى ۋە مېنى تار-
تىنماي، تويغىچە يېيىشكە دەۋەت قىلدى،
مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قورساق توي-
غىچە داستىخاندا بولدۇم، ئاخىر ئۆزى
مېنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى نەرسىگە تولىمۇ
ھەيران بولغانلىقىمنى تۇيۇپ قالغاندەك:

— ئۇكا، ئۇ نەرسىنىڭ كارامىتىنى ھېلى
يولغا چىققاندا كۆرىسەن، بىز ئۈچىمىز
لوپتىكى يار-بۇرادەرلەرنى بىر يوقلاپ
كېلەيلى، شۇڭىمۇ مەن سېنى كەلسۇن دې-
گەنىدىم،- دېدى.

شۇنىڭ بىلەن يۈرۈڭقاشلىق باي ئايا-
لى توختىخان بىلەن ئىككىمىزنى ھېلىقى
نەرسىنىڭ ئۈستىگە يەم بىلەن چىقاردى -
دە، يولغا چىقىپ كەتتۇق. مەن بۇ غەلىتە
نەرسىگە سەپسېلىپ قاراپ كېتىپتىمەن:
يۇمىلاق رول دېگەن نەرسىنىڭ سېپى ئال-
دىنقى ئىككى چاقنىڭ ئوقىغا بېكىتىل-
گەن بولۇپ، ئۈستىنىڭ ئەپچىل قولىدا
ئوك - سولغا ئەۋرىشىملىك بىلەن پات -
پات ئايلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈچلۈك
پۇتلىرى بولسا چىشلىق چاقلارغا كىرىش-
تۈرۈلگەن زەنجىرلەرنى ئايلاندۇرۇپ چاق-
لارنى سۆرەيتتى. مەن ھەقىقەتەن بۇ قى-
زىق ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن ئۇستى-
نىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ، ھاڭۋېقىپ قاراپلا
قالدىم. ھەيران قالغىنىمنى سەزگەن ئۇس-
تا ماڭا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ: «بۇنى كوڭ-
كا دەيدۇ بالا» دەپ يەلكەمگە ئۇرۇپ قوي-
دى. كوڭكا بىر خىل تېزلىك بىلەن سا-
ئىتىگە بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق راق يول
باساتتى. ئوقلىرىدىن باشقا جايلىرىغا
ئامۇت، ئۆرۈك، قارا ئۈجمە ياغاچلىرى
ئۇستا ئۆزى قۇراشتۇرۇپ ياسىۋالغان
قىرغۇچى ستانوكتا ئاجايىپ سىلىق ۋە
بېجىرىم ياغاچ چاقلارغا ئايلىنىپ، شۇ
چاغدىكى تۆمۈرچىلىك ۋە ياغاچچىلىق
ھۈنىرىنىڭ ئويدانلا راۋاج تاپقانلىقىنى
كۆرسىتىپ تۇراتتى. چاقنىڭ سىرتقى ئاي-
لانما يۈزىگە نېپىز يېپىلغان تۆمۈر قاپ-
لانغان بولۇپ، ئۈستىدىن مەھكەم ۋە پۇخ-
تا قىلىپ مىخلار قېقىلغان ۋە چاقنىڭ ئوق
بېشى تۇرىدىغان يېرىگە تۆمۈر شارچىلار
ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بو-
لۇپ، چاقلارنىڭ چوڭلۇقى ئاساسەن ھا-
زىرقى موتسىكلىتلارنىڭ چاقلىرىچىلىك
چوڭلۇقتا ئىدى. كوڭكا رولى ئارقىلىق
ھەر قانداق تەرەپكە ئەۋرىشىم ھالدا
ئايلىنالايتتى. كوڭكىدا تۆت چاق بو-
لۇپ، بىز بىخەتەر ھالدا لوپ بازىرىدى-
كى ھاپىز ئاخۇن شاڭيۇم دېگەن كىشىنىڭ
سارىيىغا چۈشكە يېقىن ئۈچ سائەت چا-
مىسىدا يېتىپ كەلدۇق. شاڭيۇم بىلەن
ئۇستا قېلىن دوستلاردىن ئىدى،- دېدى
يۈسۈن ئاخۇن ئاكا، ماڭا دىققەت بىلەن

تىكىلىپ قاراپ.

— شۇ نەرسە ئېنىق ئېسىمدىكى، ماشىنا يۇرۇڭقاش بازىرىدىن لوپقا قاراپ يولغا چىققاندا ئۆمرىدە ماشىنا كۆرۈپ باقمىغان پۈتۈن ئەلە - مەلە، بولۇپمۇ كىچىك باللار كوڭكىنىڭ ئەتراپىدىن كېتىشمەي، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، ھەۋەس قىلىشىپ، يول بويى خېلى يەرلەرگىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقانىدى... يولۇچىلار چوڭ يول بويىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارغا ئىشلەۋاتقانلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ماشىنا كېتىۋاتقان چوڭ يولىدىكى توپىغا كېلىپ قوشۇلاتتى... بىز شۇ تەرىقىدە يول بويى يېڭى - يېڭى خۇشخۇي چىرايلارنى، توپ - توپ ئادەملەرنى كۆرەتتۇق... ئۇستا، دوستى ھاپىز ئاكىنى چۈشكە يېقىن كۆرۈپ ئۈلگۈردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە قانمىغان ھالدا پاراڭغا چۈشتى ۋە غىزالاندى. غىزادىن كېيىن ئۇلار يۇرۇڭقاشقا قاراپ يولغا چىقىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. مەن بولسام ئۇستا بىلەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ قېپقالدىم...

موزدۇز يۈسۈن ئاكا شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىۋېتىپ پات - پات كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى ۋە ماڭا قاراپ قانمىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى...

— كىم بىلسۇن بىز لوپقا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يېڭىلىقپەرۋەر ئىنتىلىشچان ئۇستا ئامراق ئايالىنى كوڭكىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئېلچى بازىرىغا كىرىپتۇ. خوتەن شەھىرى كوڭكىنىڭ تاراق - تۇرۇقىدىن لەرزىگە كېلىپ، ھەممىنىڭ كۆزلىرىدە ھاياجان ئوتلىرى يانغاندا ئۇستا ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ...

ئۇلار كوڭكا بىلەن يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، شىڭشىسەينىڭ شۇچاغدىكى خوتەندە تۇرۇشلۇق «ئەرشى ئەرتۈن» دېگەن قىسمىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ، ئۇلارنى ئورىۋېلىپ، كوڭكىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى، تاشلار بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلىغان ۋە ئۇستىنى تۇتۇپ كەتكەن... ئۇستا يالاپ، ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىلغاندىن كېيىن بىچارە ئايالى توختىخان نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، قارا بوراندا قالغاندەك، ھۆكىرەپ يىغلاپ، لاغ - لاغ تىترەپ كەتكەن... توختىخان كوڭكىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۈچ كۈنگىچە شۇ دەريا بويىدا ساقلاپ ياتقان، شىڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قامالنى بىكار قىلىپ، خوتەنگە قايتىپ كېتىشكەن. رەھمەتلىك توختىخان بولسا كوڭكىنىڭ تۆت پاي چاقىنى ئېلىپ، چەكسىز دەردەلەم، خورلۇق ھېس قىلىپ يۇرۇڭقاشتىكى ئۆيىگە قايتىپ چىققانىكەن، دېدى ئۇ.

— بۇ كوڭكىنىڭ راست ياسالغانلىقىغا قايسى ماددىي پاكىتلارنى كۆرسەتسەك بولار دېدىم مەن، - بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ.

يۈسۈن ئاكا مېنىڭ بۇ گېپىمگە بەكمۇ ئەجەبلەنگەندەك بىردەم جىم بولدى-دە، ئېنىق قىلىپ:

— گۇۋاھچىلارنى دەمسىز؟ - بۇنىڭغا ناھىيىمىزدىكى پۈتۈن قېرىلارنى كۆرسىتەلەيمىز، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، ماددىي پاكىتلىرىغا كەلسەك، ھازىر ھايات ياشاۋاتقان، دەم ئېلىشقا چىققان ھېلىقى ئىمىنتوختى بەگ دېگەن كىشى بىلەن سۆز-

لىشىپ كۆرەمسىز؟ ـ دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ مەن يەنە بىر ئىشەنچىلىك گۇۋاھچىغا ئېرىشتىم.

ئىمىنتوختى بېگىم دېگەن كىشى توقسانىنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەمما تېتىك، خۇشچىراي، قېرىلىقتىن باشقا نۇقسانلىرى كۆرۈنمەيدىغان مۆيسىپىت ئادەم بولۇپ، مېنىڭ كېلىش سەۋەبىمنى بىلگەنىدىن كېيىن، بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ تۇرالماي قالدى. ئۇ مېنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

— رەھمەتلىك مەتروزى ئاخۇن ئۇستام بىلەن يېقىن باردى ـ كەلدىمىز بولۇپ، كۆڭلىمىز بىر ـ بىرىمىزنى تارتىپ تۇراتتى. پۇل ـ پىچەك، مال ـ دۇنيا دېگەنلەرنى ئانچە ھېسابلاپمۇ كېتىشمەيتتۇق، ئۇنىڭ ياسىغان كوڭكىسىقارا قورساق بېشەملەر تەرىپىدىن چۇۋۇپ تاشلىنىپ، ئالتە ئاي ئىلگىرىكى چوڭ بىر تۇرمىگە قامالغانىدىن كېيىن قويۇۋېتىلگەن. ھېلىقى ئايالى توختىخان دەريا بويىدىكى ماجرادىن كېيىن ئېلىپ چىققان تۆت پاي چاقنى 1943 ـ يىلى ماڭا بەرگەن ۋە ئات قوشۇدىغان، سايىۋەنلىك بىر ھارۋا (پەيتۇن) ياساپ بەرگەنىدى. مەن بۇ ھارۋىنى تاكى كوپىراتسىيە قۇرۇلغىچە ئىشلىتىپ، شۇ ھارۋىنىڭ خۇمارىدا ئۇرغۇن پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىمنى جاپا تارتمايلا مۇنداقلا ئويناپ يۈرۈپ قىلىپ كەتكەنىدىم، ـ دېدى ئۇ. يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ قويدى: ـ

ئەگەر بۇ ئىشنى سىز تېخىمۇ ئوچۇقراق بىلەي دېسىڭىز ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسىڭىز قانداق؟ ـ دېدى ئۇ ئۆتۈنۈشلۈك، يۇمشاق ئاۋازى بىلەن.

مەن شۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە مەتروزى ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئوغلى قۇربانىنياز ئاخۇننى لوپ ناھىيىلىك ئىككىنچى يېزىنىڭ سانائەت ئىدارىسىنىڭ خارەتچىلىك ئورنىدىن ئىزدەپ تاپتىم. مەن قۇربانىنياز ئاكىغا ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ئىزدىشىمدىكى مۇددىئايىمنى ئېيتقانىدىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن ھىممىتىم ئۈچۈن ماڭا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتتى ۋە كۆزلىرىگە لۆم ـ لۆم ياش ئالدى...

ئۇ ئۆزىنى كۆز يېشىدىن تەستە توختىتىپ:

— دادام رەھمەتلىك 1956 ـ يىلى مۇشۇ كارخانىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ 1962 ـ يىلىغىچە ئىشلىگەن، دادام ياغاچچىلىق ۋە تۆمۈرچىلىك جەھەتتە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ پەۋقۇلئاددە ماھارەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، كەسىپداشلىرى ئارىسىدا چوڭ ـ كىچىك ھەممىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىپ، تەبىئىي ھالدا ئابرويغا ئىگە بولغاچقا ئەتراپلارغا نامى تارىلىپ، شۇ يىلىخوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول ئۇچاستىكىسىغا يۆتكەپ ئېلىپ كىرىپ كەتكەن، ئۇ 18 يىلدىن كېيىن، يەنى 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تەخمىنەن 90 ياشتىن ئارتۇقراق ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ پەم ـ پاراسەت، زېھنىي جەھەتلەردە بېجىرىم ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئۈمىدۋار ئادەم بولۇپ، تۇرمىدە ياتقان مەزگىللىدە تۇرمە دائىرىلىرىگە بىر روس يىگىتتى بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى ـ ئۈچتەك مەپە (پەيتۇن) ياساپ بەرگەنىكەن. بۇ توغرىدا

(ئاخىرى 49 ـ بەتتە)

# شېئىرلار

### ئىپتىخار

## يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدا

تۈنجى سۆيگەن نىگارىمدەك زەپ تاتلىق،
زىلال سۈيۈڭ بەرگەچ ئۇتلۇق سېزىمنى؛
يۈرمەكتىمەن بويلىرىڭغا چىرمىشىپ،
باسالماستىن كۆۋەجىگەن ھېسسىمنى.

يۈرەك-باغرىم بولدى ئاپپارات، سىنئالغۇ،
مەنزىرەڭنى ئېلىش ئۈچۈن سۈرەتكە.
بالقىپ ئۇچتى زەر قۇياشتىن شادلىقىم،
كىرگەن كەبى خۇددى يېرىم جەننەتكە.

پارە - پارە بولۇپ شۇئان شىددەتتە،
ئېقىپ كەتتىم دولقۇنىڭغا قوشۇلۇپ.
شاۋقۇنلىرىڭ تومۇرۇمدا ھۆركىرەپ،
تەسىراتىم ئاقتى سەندە ئوت بولۇپ.

## پىراق

جەننىتىمنىڭ رۇجەكلىرىنى،
كۆرەلمىگەچ مېھرىڭگە بېقىپ.
سۈزۈلگەن تاڭ بولۇپ چۈشەرمەن،
گۈل لېۋىڭگە شەبنەمدەك ئېقىپ.

سارغايغان ئاي كەبى ئىزلىسەم،
بۇلاقلارنى نۇر بىلەن يۇيۇپ.
شاماللاردىن كېلەرمۇ ھىدىڭ،
تاتلىق چۈشتىن لىرىكا توقۇپ.

## سېغىنىش

جۈۋەك ئايغا يۆلىنىپ تەنھا،
كەتتى كۆڭلۈم سېنى چارلاشقا.
شامال قىلىپ تىنىقلىرىمنى،
يولغا سالدىم سېنى ھىدلاشقا.

ئاسمىنىڭغا كەتتى بۇلۇتۇم،
سالام دېگىن ئالدىڭغا چىقىپ.
كۆككە باقساڭ چۈشەر كۆز يېشىم،
يامغۇر بولۇپ لېۋىڭگە ئېقىپ.

دېڭىز كەبى ياش ئەۋەتىمەن،
سېغىنغاندا سېنى ھەر قېتىم.
كۆزلىرىمدىن ئاققان يېشىمغا،
قېيىق سېلىپ كەلگىن، دىلبىرىم.

## سەن چۈشۈمدە قالغان تاتلىق ھېس

(چاتما)

1

خوتەندە بار دېسەم ھېكمەتلىك
بىر جۈپ گۈزەل «يېڭى قاشتېشى».
نە قاشتېشى، گۆھەر ئىكەن ئۇ،
يۈرىكىمدە قالدى چاقنىشى.

2

كۆرمەك ئۈچۈن سېنى، جان خوتەن،
بېشىم بىلەن مېڭىپ كېلىمەن.
كېچە - كۈندۈز ئىشقىڭدا كۆيۈپ،
ئاتەش بولۇپ يېنىپ كېلىمەن.

كۆردۈم سىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن،
تىنىقىڭغا سىڭىپ كېلىمەن.
باغلىرىڭنى ، بىنالىرىڭنى،
يۈرىكىمگە تېڭىپ كېلىمەن.
پۈتۈم يەرگە تەگمەي شادلىقتىن،
ئاسمىنىڭدا لەيلەپ كېلىمەن.
ھەر بىر گىياھ ، ھەر بىر تېشىڭغا
سۆيگۈ ئىزهار ئەيلەپ كېلىمەن.
قېتىلىپ شوخ شامالىرىڭغا،
يۇلتۇزۇڭغا ئۆرلەپ كېلىمەن.
ناخشا توۋلاپ بار ئاۋاز بىلەن،
تەرىپىڭنى كۈيلەپ كېلىمەن.

3

گۈل - چېچەكلەر زىبالىق قەددىڭ،
مەجنۇنتاللار بوستان چېچىڭمۇ؟
شوخ بۇلاقلار ئويناق كۆزلىرىڭ،
ۋە يا ئالتۇن ئەگىم قېشىڭمۇ؟
پىچىرلايدۇ باغلىرىڭ تاتلىق،
دەريالىرىڭ توقۇيدۇ قوشاق.
ئورمانلىرىڭ ئويناسا ئۇسسۇل،
شامالىرىڭ كۈلىدۇ ئوماق.
ئېخ ، گۈزىلىم جانىجان خوتەن،
سەندە تاتلىق ھېسلار تاينايدۇ.
لەۋلىرىڭدە ئوتلۇق تەبەسسۇم،
تىنىقىڭدىن سۆيگۈ پۇرايدۇ.

## گىلەم بازىرىدا

بارغانىدىم مۇھەررەمدە خوتەنگە،
ئىچىم كۆيدى كۆز چاقناتقان گىلەمگە.
بولغاچ ئۇنىڭ باھا - نەرقى بەك ئۈستۈن،
ئالالمىدىم گىلەمچى قىز دېگەنگە.
گىلەمچى قىز شۇئان ماڭا سەپ سالدى،
ئارقىدىنلا: «سىز قەيەردىن؟» دەپ سالدى.
كۆرۈپ قىزنىڭ ئوچۇق - يورۇق قەلبىنى،
ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلغۇم كەپقالدى.

چاقچىقىمدىن كۈلۈپ كەتتى قىز تاتلىق،
كۈلكىسى ئۆز ئۆزىدەكلا، ئۇياتلىق.
تۇنجى كۆرگەن بولسامۇ ئۇ گۈزەلنى،
جاۋاب بەردى چاقچىقىمغا چىرايلىق.
چاقچاق بىلەن گىلەم ئەرزان كەپقالدى.
خوشلاشتىمەن يۈرىكىمدە دەرد قالدى.
گىلەمچى قىز بېرىپ ماڭا گىلەمنى،
ئەس - ھوشۇمنى ئۆزى بىلەن ئەپقالدى.

# كۆڭۈل مەرغۇللىرى

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## تونۇۋالدى مېنى سەھرايىم

مەن سەھرانىڭ، سەھرا مېنىڭ سىردىشىم،
سەھرا دېسە دىلدا ئىشقىم ئۇلغۇيار.
سەھرايىمغا يەتسە قاچان تىنىقىم،
مېنى شادلىق جانانلىرى قۇچاقلار.

يەتتىم بۈگۈن يەنە گۈزەل سەھراغا،
تونۇۋالدى مېنى سەھرا باغلىرى.
سالامىمغا، كۈلۈمسىرەپ باش ئەگدى،
كۆكنى سۆيگەن ئاق مەشۇتنەك تاغلىرى.

تونۇۋالدى مېنى چىغىر يوللارمۇ،
ئۇ يېتىلەپ ئېلىپ باردى ئۆيۈمگە.
بوستانلاردا بەزمە قۇرغان قۇشلارمۇ،
تەڭكەش بولۇپ ئېيتتى ناخشا ـ كۈيۈمگە.

تونۇۋالدى مېنى سۆيگەن قىزچاقلار،
پاك مۇھەببەت رۇجىكىدىن مارىشىپ،
تونۇۋالدى مېنى سەبىي باللار،
ئوماققىنە كۆزلىرىنى قىسىشىپ.

تونۇۋالدى مېنى نۇرلۇق ئاخشاملار،
چىللاپ چىقتى تولۇن ئايمۇ سەيلىگە.
تونۇۋالدى مېنى ئاقچاچ مومايلار،
بارغىنىمدا سالام ئۈچۈن پەتىگە.

تونۇۋالدى مېنى زۇمرەت بۇلاقلار،
ماڭا تونۇش كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ.

تونۇۋالدى مېنى ئەزىم دەريالار،
شاۋقۇنىدا ھېسلىرىمنى لەيلىتىپ.

تونۇۋالدى مېنى يېشىل دالالار،
گۈل ھۆسنىدىن سۆيگۈ، ۋىسال نۇر تۆكۈپ.
تونۇۋالدى مېنى يۇمران قىياقلار،
مەڭزىدىكى شەبنەملەرنى ئۇركىتىپ.

تونۇۋالدى مېنى تەسكەي جىرالار،
پادا باققان چاغلىرىمنى ئەسلىتىپ.
تونۇۋالدى مېنى ياۋا ئەتىرلەر
ماڭا خۇشبۇي پۇراقلارنى ھىدلىتىپ.

تونۇۋالدى مېنى خىلۋەت سەھرايىم،
تونۇۋالدىم مەنمۇ ئۇنى مېھرىمدە.
ئەزىزلايمەن سۆيگۈم بىلەن سەھرانى،
قۇچاقلايمەن ئۇنى ياڭراق كۈيۈمدە.

## كۆك مەخمەلدەك جۇلالايدۇ كەڭ دالا

كۆك مەخمەلدەك جۇلالايدۇ كەڭ دالا،
شىۋىرلايدۇ گۈل، چىمەنلىك بۇلاقلار.
ماموق سابا سۆيسە دالا مەڭزىنى،
بەل تولغايدۇ ئويناپ ئۇسسۇل قىياقلار.

كۆك مەخمەلدەك جۇلالايدۇ كەڭ دالا،
شېرىن ھېسلار قۇچىقىمدا تەۋزىنىپ.
غۇۋا چۈشتەك كۆرۈنىدۇ جىرالار،
ئوماق قىزنىڭ نازلىشىنى ئەسلىتىپ.

نۇر ئىلكىدە ئەيلەيدۇ شوخ تەبەسسۇم،
گۈزەل دالا مەڭزىدىكى يېشىللىق.
قويۇق ئورمان لېۋىدىكى كۆلكىلەر،
تۈيغۇ بېرەر كۆڭۈللەرگە يېقىملىق.

كۈي تۆكىدۇ يېشىل دالا قۇشلىرى،
ھۆر ھاياتنىڭ باغلىرىدا سىردىشىپ.
دالا مېھرى، دالا پەيزى يۈرەكتىن—
تاشلايدۇ مۇڭ ـ ئازابلارنى ئىرغىتىپ.

كەڭرى دالا زەپ چىرايلىق بىر دۇنيا،
دەل ئۇندىكى خۇشاللىقتا تىلەكلەر.
ساپ مۇھەببەت كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ،
ۋىسال تاپار ئۇندا ئاشىق يۈرەكلەر.

## سىلەر ھايات كۆكسىمدىكى ئاي

ئۇنۇت مېنى، ئۇنۇت كۆز ياشلار،
خىيالىڭدىن يىراق چۆرىۋەت.
ئۇنۇت مېنى ئازابلىق ھېسلار،
شادلىق كۆرسەڭ ماڭا بېرىۋەت.

ئۇنۇت مېنى بىۋاپا سۆيگۈ،
ئەمدى ساڭا كۆيۈشۈم ھارام.
ئۇنۇت مېنى ھىجران ئوتلىرى،
يۈتسۇن يۈرەك قېتىمىدىن يارام.

ئۇنۇت مېنى خىدرە كېچىلەر،
قۇچقىنىڭغا بارمايمەن تىنەپ.
ئۇنۇت مېنى ۋەدىلەشكەن جاي،
ئەدى سېنى يۇرمەيمەن ئىزدەپ.

ئۇنۇت مېنى سەبىي بالىلىق،
تىزگىن سىيرىپ تۇرار ياشلىقىم.
ئۇنۇت مېنى ئېزىتقۇ قىلىق،
بولغانىمسۇن مەڭگۈ پاكلىقىم.

ئۇنۇت مېنى رىتىمسىز كۈيلەر،
لەۋلىرىمدىن شوخ ناۋا تاشار.
ئۇنۇت مېنى كاتاڭ ـ پۇتلاشلار،
يېقىلىشتىن مەن ئەجەب بېزار.

ئۇنۇت مېنى ساختا مەغرۇرلۇق،
ئۆز قامىتىم ئۆزۈمگە ئايان.
ئۇنۇت مېنى بەڭباش ھېلىلەر،
يۈتسەڭ كۆزدىن مەن بەك شادىمان.

ئۇنۇت مېنى بېخۇت مىنۇتلار،
ئېزىدۋەرمەي ساڭا ئەگىشىپ.
ئۇنۇت مېنى ھورۇن غەيۇرلۇق،
سەنسىزمۇ تاغ يۇرىمەن ئېشىپ.

ئۇنۇت مېنى سەپرا ھەسەتلەر،
كۆڭلى ساڭا مۇشتاقلارغا بار.
ئۇنۇت مېنى روھسىز سادالار،
دىل ئۆيۈمگە ئوتلۇق چېقىن يار.

ئۇنۇت مېنى تەنتەك خىياللار،
قەلبىم گۈلگۈن تىلەكلەرگە باي.
ئۇنۇتماڭلار مېنى سىرداشلار،
سىلەر ھايات كۆكىمدىكى ئاي.

# ئىككى شېئىر

### ئابدۇلئەھەد تۇرسۇن

## ئانا مېھرى

سېنىڭ كۈمۈش چاچلىرىڭ ئارا،
قىسىپ قويسام تاڭدا قۇياشنى.
قاي ھېسلارغا چۆمەرسەن ئانا،
قەغىشلىك قىپ يېمىسەم نانىنى؟

ماڭا نېمە يېگۈزەتتىڭ سەن؟
بىر كۈن كېتىپ بىر كۈن كەلسىمۇ،
ۋاقىت ئاستا كېتىپ بارسىمۇ،
قورسىقىم توق ھېس قىلاتتىم مەن.

ئانا،
باھاردىكى چېچەك قوينىدا،
ئۈزۈپ يۈرەر بىر ئالتۇن ھەرە.
قانىتىنى پىلدىرلاتقانچە،
قورسىقى توق ـ مەن ـ ئامراق بالاڭ.
تىزىپ قويدۇم ساڭا گۈلدەستە،
ھەرىلەردەك گۈللەرنى پۇراپ.
ھېچكىم بىلمەس — نامسىز بىر گۈلدە.

يەردىن شاخقا ئۆرلىگەن قۇشقاچ.
تېپىپ بولۇپ بىر تاللا سەردان،
ئۇۋىسىغا كېتەر شادىمان،
ناخشىسىنى يۇرىكى ئېيتىپ،
ئۇسسۇلنى قانىتى ئويناپ.
بىلىپ بولماس خۇشاللىق ئىچرە،
بېشىم ئۆزرە ئۇچار «پۇر» رىدە،
ھەيران قىلىپ مېنى بىر ھازا.

ئەتراپىمغا قارايمەن ئانا،
ئىچىپ كەتتى قورسىقىم، ئەمما.
ماڭا نېمە يېگۈزەتتىڭ سەن،
ئاشۇ قوشقاچ ئەپ كەتكەن داننى؟
ئىچكۈزەتتىڭ گۈلنىڭ سۈيىنى؟
تويۇنۇپلا قالاتتىم يەنە.

سېنىڭ تاتلىق سۆزۈڭ بىلەن تەڭ،
سېنىڭ ئىللىق مېھرىڭ بىلەن تەڭ.
تەل بولغاندەك قىلاتتى ھەممە.
لېكىن سېنىڭ قولۇڭدا ئانا،
جۇلالىنىپ تۇراتتى باغلام،
يەنىلا شۇ ئاددىي گۈلدەستە.

## قايتىپ كەلگەن مېنىڭ قەلبىمگە

تاڭ سەھەرنىڭ كۆز ياشلىرىدا،
پاتقاق كېچىپ يۈرسەن قىزچاق.
بىر مەقسەتتە قاراپ ئەتراپقا،
ئۈھسىنىپلا قويىسەن، بىراق.

يامغۇر سۆيۈپ يەرنىڭ كۆكسىنى،
تۇمان ئارا چۆمۈلدى ئەتراپ.
بەلكىم كەتمەك ئويلايسەن بۇندىن،
يىراق - يىراق مەنزىلگە قاراپ.

ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈنلا مېنى،
داللاردا تەنھا يۈرسەن.
سۇۋادانغا يۆلىنىپ غەمكىن،
ئەڭ ئاداققى نەپرىتىڭ بىلەن.

غاز پېيىدەك ئاپئاق قولۇڭدا،
چاچلىرىڭنى يۇلىسەن تۆكەل.
ئاددىي بولماس ھاياتتا بىر رەت،
ئۇنتۇش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل.

## گۈزەل ھېجران، يىراقتىكى چۈش

### جېلىل خېلىل

ئۈمىد — ئەي، سەن ئىلاھ...

1

ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم ساڭا جانان،
ئالتۇندەك قىممىتىڭدىن زەررە بەر دەپ.
ئارقاڭدىن كەلدىم بەرجەس توختىمىدىم،
سەنچىلىك جۇرئەت قايسى ئەردە بار دەپ.

2

چەكسىز يول، ئاھ چەكسىز يول-كۆز يەتكۈسىز،
تومۇزدا كۆيدۈم بۇئان قىشتا توڭلاپ.
ئويلىدىم: نە جاپا بۇ يارنى سۆيۈش،
ياشايچۇ ئۈچۈرغانى سۆيۈپ تاللاپ.

ھە مانا سۆيۈپ باقتىم، تاللاپ باقتىم،
شەيتانىنىڭ نەپسى بولۇپ ھەر يان چاپتىم.
بۇلغىدىم يەر-ئاسماننى ھەم ۋىجداننى،
ئىنسانىي ئىپلىشىغا ئەرزان ساتتىم.

ئاقىۋەت كۈتكەنلىرىم بولدى تارمار،
لىق تولدى يانچۇقىمغا ئاپەت ۋە غەم.
تاڭلىرىم خىرەلەشتى، ھۇۋلىدى تۈن،
داد سالدىم: نە قىسمەت بۇ قادىر ئىگەم؟!...

تۇزان بوپ ئۇچتى كۆككە كۆز ياشلىرىم،
تاشلىدى كۆيگەن غارغا مېنى تەقدىر.

ئۆلدى ھېس، بوغۇزلاندى يۈرەك نەچچە،
تىتىلدىم ئۇششاق قىلىنىپ قۇمدەك ئاخىر...

3

قاغجىراپ يۈرسەم بۇندا گۈرلۈك كولاپ،
تۇيۇقسىز بېشىم ئۈزرە چۈشتى شولا.
ئايانچ باقسام بىردىن كۆككە، ھەيھات،
دومىلاپ كېلەر بۇندا قۇياش گويا.

يۈرىكىم سۇغۇرۇلدى كۆكسۈم ئاجراپ،
مېڭەمگە قاچىلاندى يېڭى ئەقىل.
گۈرلۈكتىن سەكرەپ چىقتى ئۆلگەن چۈشۈم،
بولدۇم ئاھ قۇياش ۋۇجۇد، پەرىشتە دىل...

قارىسام كەپسەن جانان نۇر ياغدۇرۇپ،
يەنە بىر قۇياش پەيدا بولغاندەكلا.
پۈتۈلدى ۋۇجۇدۇمغا سېھىرىي قۇدرەت،
خېزىرغا ئايلاندىم مەن بىردەمدىلا.

4

تەقدىرنى سېنىڭ بىلەن قامچىلىدىم،
قانچىلاپ ئۆلۈملەرنى پاچاقلىدىم.

5

رەھمەت ساڭا ئىلاھىمان ئۇلۇغ جانان،
لەببەي دەپ قەسەم ئىچتىم تىزلىك ئۆپۈپ.
قەلبىمدە بار چاقماقلىق گۈلدۈرماما،
يولۇڭنى بېزەي گۈلگۈن چېقىن تۆكۈپ.

چۈشەندىم سېنى تولۇق ئەمدى جانان،
سەن بارسەن بۇدۇنيادا مەن بىر قۇياش.
سەن بارسەن بۇ دۇنيادا مەن بىر قىلىچ،
سەن بارسەن ھەممە ماڭا ئېگىمدۇ باش!...

# ئىزلىرىڭنى قەلبىمگە كۆمەي

**مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)**

## ئۇيغۇر قىزى

زەھەر ئىچتى ۋىناس كۆرۈپ يۈزۈڭنى،
مەبۇد سوراپ ئېلىۋالدى چېھرىڭنى.
ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپلا دەريالار،
باشلاپ كەتتى سېنىڭ تامان مېھرىڭنى.

بىر دەقىقە ئۇچراشتى ئاھ! كۆزىمىز،
يۈتتى ئەركىم، ئەسىر ئالدىڭ ھوشۇمنى.
كىرپىكلىرىڭ بوستانىدىن ئىزدەيمەن،
كۆزۈڭ ئۈۋۈلاپ تۇتقۇن قىلغان قۇشۇمنى.

## ئالما ئوغرىلاپ...

كىردىم باغقا ئوغرىلىقچە، شورىدىن،
ئۈزە - ئۈزمەي تېخى ئالما تۇتۇلدۇم،
سالدى باغۋەن ئەپچىل كىرە بوينۇمغا،
بىر جۈپ ئالما ئىقتاپ قوينۇمغا،
«ئاپلا» دېدىم، ئەمدى قانداق قۇتۇلدۇم.

بولۇپ قالدىم شۇ باغۋەننىڭ «ئەسىر»ى،
باغدا دائىم ئالما، ئانار ئۈزۈمەن.
كايىمايدۇ باغۋەن ئالما يېدىڭ دەپ،
بايا بەرسەم يەنە ئالما دېدىڭ دەپ.
كاھى قېچىش پىلانىنى تۈزۈمەن.

قاچالمايمەن (كىرگەن سۆڭگۈچ ئېتىلدى)،
باغۋەن ماڭا قاراۋۇل بوپ قېتىلدى،
يۈرىكىمگە نىگاھىدىن ئۈزدى ئوق،
قوزغاپ قانچە تام ئارتىلىش دىلدا زوق،
باغقا مېھرىم ئىختىيارسىز چېتىلدى.

## ئىككى غەزەل

### ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

1

ئېچىلدى پەردىلەر غىل - پال نىگاھىنىڭ سىنى قاراسىدىن،
بويالدى قىپقىزىل قانغا شەپەقلەر دىل ياراسىدىن.
ئۇپۇققا چىرمىشىپ ياتقان خىيالچان سۆيگۈ رەڭ باغىنىڭ،
چېكىلدى تاملىرى ئاستا روياللىنىڭ زىل ساداسىدىن.
يېرىپ مەستخۇش بۇلۇتلارنى كۈلۈپ باققاندا بىر تال نۇر،
چۆچۈپ تولغاندى تەنھالىق سەھەرنىڭ مەست ساباسىدىن.
تىۋىشسىز ناخشىنىڭ تاتلىق خۇلۇقتا لەۋلىشى بىرلە،
يېقىلدى چىمغا جۈپ تەنلەر سۆيۈشنىڭ ئوت لاۋاسىدىن.
ئۇلارنىڭ ئارمىنى ئاخىر ۋىسال ئوكيانىغا چۆمدى،
يوقالدى غەم - غۇسسە، قاقشاش، جۇدالىق دىل ئاراسىدىن.

2

ھىدىڭىنىڭ يەلپۈشى تۇتقان خۇمارىمنى خۇشال ئەتتى،
نىتەي شۇ دىم تېپىپ ئوت رەڭ چىرايىمنى قامال ئەتتى.
چېچىڭىنىڭ قاپقارا بەھرى سۆيۈپ چۈشكەندە مەڭزىمنى،
سوقۇپ باغرىمنى زور بىر توك ئىدايىمنى سوئال ئەتتى.
جىرىڭلاپ قوڭغۇراق تەمسىل ئۈنۈڭ كۆكلەرنى يارغاندا،
تىلىم دارىپ بولۇپ كالۋا ئاۋازىمنى بىر لال ئەتتى.
ئىشقىڭنىڭ قامچىسى نەرگىس كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقى توسقان،
ۋاشاقتەك① تالۇ تال كىرپىك قارارىمنى مالال ئەتتى.
ئايا ئۇيغۇر قىزى ئەمدى سېنى سىنئالمىقىم ئاخىر،
سەبىي، پاك، خۇشچىراي كۈلگەن باھارىمنى ئۇۋال ئەتتى.

◁〰〰〰▷

## جۇدا

### ياسىن كامىل

بولمىدىم سۆيگۈ يولىدا ئەھدۇ پەيماندىن جۇدا،
شۇڭا بولدۇم ھەر بوران - چاپقۇندا ئەپغاندىن جۇدا.
لالىدەك رۇخسارىڭغا ئالەمنى مەپتۇن قىلغۇسى،
بولمىسا مىللەت مۇنەۋۋەر ئەھلى ئىرپاندىن جۇدا.

① ۋاشاق — دوغچىلار مۆز چوقۇشقا ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب

ھەر قەدەم - ھەر بىر ئىزىدىن لالە، رەيھان ئۈنگۈسى،
ئەھلى ئىنسان بولسا مەڭگۈ نەپسى شەيتانىدىن جۇدا.
قارىسام زاھىر جاھانغا بىر ئۇچۇم كۆڭلى قارا
قارنى توق، ئاچكۆز - ھارام يەپ بولدى ۋىجدانىدىن جۇدا.
جەك ئارا يەرۇ جاھاننى لەرزىگە سالغاي قوشۇن،
بولمىسا ھەر بىر قەدەمدە توغرا پەرمانىدىن جۇدا.
چارۋا، ئورمان، كارخانا، خامانغا مالىك بولغۇسى،
بولمىسا دېھقان يارامىلىق قىز ۋە ئوغلانىدىن جۇدا.
بىر قۇرۇق پانۇس كەبى رۇخسارى نۇرسىز سەلتەنەت،
بىر بوران - چاپقۇندا بولغاي تاجۇ دەۋرانىدىن جۇدا.
گۈلچىمەندەك بەرق ئۇرۇپ ئوغلاننى شەيدا قىلغۇسى،
بولمىسا قىز يېڭى لىباس، ئۇنچە - مارجانىدىن جۇدا.
ئەي چاكار، مەردانە ئۆتكىن پاك - دىيانەتلىك بولۇپ،
پۇل ئۈچۈن سەن بۇ جاھاندا بولما ۋىجدانىدىن جۇدا.

◁┈┈┈┈┈┈┈┈┈┈▷

## مەست قىلار دۇنيانى يالپۇزنىڭ ھىدى

### مۇختار نۇرمۇھەممەت

ئۇپۇقنىڭ مەگزىگە لەۋ سۇنسا قۇياش،
شەپەقنىڭ نۇرىغا چۆمۈلەر ئورمان.
گۈللەرنىڭ بەرگىدە ئوينىشار كۈلكە،
قاپتاللار كۆكسىدە لەيلەيدۇ تۇمان.

قۇياشنىڭ نۇردىن رەڭ ئالغان سەھەر،
ئامايىش قىلىدۇ گۈزەللىكىمنى.
ھاياتلىق ئىلاھى كۈلەر قاقاقلاپ،
مەست قىلار دۇنيانى يالپۇزنىڭ ھىدى.

قۇياشنىڭ چېھرىدىن تۆكۈلگەن نۇرلار،
ئېقىنلار باغرىدا ئوينايدۇ خۇشال.
قانىتىغا قىستۇرۇپ گۈزەل كۈيلەرنى،
قۇشلار ئۇۋىسىنى تىنىتىدۇ شامال.

نۇرلىنار ئىدىرلار، نۇرلىنار ئورمان،
نۇرلىنار ھەتتاكى شەبنەم تامچىسى.
گۈزەللىك چىللايدۇ پۈتكۈل تەبىئەت،
يۈيۈنار نۇرلاردا ھەممە - ھەممىسى...

◁∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘▷

## سۆيگۈ چۇقانلىرى

### غوجىمەھەممەت مۇھەممەت

ئون سەككىز يېشىمدا كەلدىڭ قېشىمغا،
مۇھەببەت سەۋداسى چۈشتى بېشىمغا.
ئاھىمدىن يېرىلار تاشمۇ، سەن نېچۈن
چۆمۈلۈپ ئوينايسەن تۆككەن يېشىمغا.

دۇنيادا سەن ئۈچۈن ئاۋارىدۇرمەن،
مېلى كۆپ، بەختى يوق دىۋانىدۇرمەن.
ئەزرائىل - جىنغىمۇ باقالايمەن تىك،
بىر سېنىڭ ئالدىڭدا بىچارىدۇرمەن.

(«گۈلا ئەدەبىيات گېزىتى» دىن ئېلىندى)

# بىر جۈپ كالاچ

(ھېكايە)

يارمۇھەممەت يۈسۈپ

توخۇلارنىڭ چىللىشى، ئىتلارنىڭ قاۋدىشى ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ئۇ يېرىم ئۇيقۇلۇقتا كۆزىنى ئاچالماي يېتىپ، توختىماستىن قاناتلىرىنى پالاقشىتىۋاتقان ئەتىۋارلىق خورىزىنى ئىچىدە تىللاپ كەتتى. ئۇ ھەر تەرەپكە پۇت-قوللىنى سۇنۇپ يەنە جىم بولۇپ قالدى، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەزىنىنىڭ ياڭراق «ئەزان» ئاۋازى ئاڭلىنىپ، گويا ھەرە چېقىۋالغاندەك چاچراپلا ئورنىدىن تۇردى.

— ھوي خوتۇن، تەرەتكە سۇ، تېز بولۇڭلار!

ئۇنىڭ جايناماز ئۈستىدىكى ئايالى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللادىن ساۋابلىق تىلەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. ئۇ خۇدادىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھودۇقۇپ قالدى.

— ھەي نېمە بولدى، جىن چاپلاشقان ساراڭدەك ۋارقىراپ؟

— ئەستا، تېز بولۇڭلار، نامازنىڭ ۋاقتى كېتىپتۇ.

ئۇ ئالدىراپ كىيىندى - دە، ئايالىنىڭ قولىدىن چۆگۈننى يۇلۇپلا ئالدى، ئۇپۇل-توپۇل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن كالىچىنى پۇتىغا سېپىپلا پايپاسلىغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كالىچىنىڭ پالاقلىشى، بايىلا چىللاپ ئۆزىنى ئويغاتقان خورازنىڭ قاناتلىرىنى پالاقلىتىشى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، خورازنىڭ قانات قېقىشى تېز ئورنىدىن تۇرۇشقا، كالاچنىڭ پالاقشىشى مەسچىتكە تېز بېرىشقا كوماندا بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۈزۈلدۈرمەي دۇرۇت ئوقۇغاچ مەسچىتكە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. مەسچىت ئىچىدە تۆت-بەش سەپ ئادەم جىممىدە ئولتۇراتتى، ئۇمۇ شۇلار قاتارىدىن تېگىشلىك ئورۇنغا چۆكتى. كالىچى بولسا چەتتىكى تامنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا باشقا ئاياغلار قاتارىغا تىزىلدى.

مانا ئۇنىڭ نامازخانلار بىلەن نامازنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى.

مەسچىتتە ھەممە تىت - تىت بولغان ھالدا مېھراپقا تەقەززالىق بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى، شۇنچە ئالدىراپ كەلگەنىنىڭ نېمىسى؟ بۈگۈن تەرىتىدىمۇ گۇمان قالدى، خۇددى بىرەر يېرىنى چالا قويغاندەك، يەنە كېلىپ سەللىسى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمۇ؟ يېڭىلا ئېلىنغان كالاچ بىلەن قەۋەت-قەۋەت ئورالغان سەللە بىرلەشكەن بولسا كۆڭلىدىكىدەكلا باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقارماسمىدى؟

بۇلارنىڭ ئارىسىدا كالىغا ئىگەر توقۇغاندەك باشقىچىلا چىنىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟ ئىمام ئاخۇنۇم «سەللە بىلەن ناماز ئوقۇساڭ ساۋابى ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىدۇ» دەيتتىغۇ؟

مانا كۆرۈڭ، شۇ ئۇيقۇ نەدىن كەلگەن

بولغىيتتى. شەيتان ئازدۇرغان ئوخشايـ
دۇ مېنى، خەپ توختا، سەن لەنتى شەيـ
تانغا ھامىنى نۇقتا سالمايدىغان بولسام...
مەزىنىنىڭ لەرزان ئاۋازدا تـەبىر چۇشۇـ
رۇشى ئۇنىڭ خىيالىنى بـۆلۈۋەتتى. بـۇ
نامازنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى.
كىشىلەر چىن ئىخلاسى بىلەن سەپ تۈزـ
دى. بىر پەستىلا ناماز ئوقۇلۇپ بولدى.
ئەمدى ئىمامىنىڭ دەرس مۇكالىم قىلىش
ۋاقتى يەتكەندى. ئۇ ئىمامىنىڭ ئېغىزىـ
دىن نېمە چىقىۋاتقانلىقىنى، نېمەھەققىـ
دە سۆز قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ دىققىتىنى يەـ
غالمىدى. قىرىشقاندەك يېڭى كالاچ كىيـ
گەندە سەللىنى ئۇنتۇغىنى نېمىسى؟ ھـەي
تەڭشەلمىگەن جاھان... سۆزلەپ ئىمام ھارـ
مىدى، ئاڭلاپ باشقىلارنىڭ قۇلىقى تـالـ
مىدى. شۇ تەرىقىدە خېلى ۋاقىت ئۆتتى.
كۆن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە قايتادۇـ
ئاغا قول كۆتۈرۈلدى. ئۇ مەسچىت ئىشىـ
كىدىن ئېھتىيات بىلەن چىقتى ـ دە، كاـ
لىچىنى قويغان تامىنىڭ تۈۋىگە تىكىلىپـ
لا قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە مەسچىتنىڭ ھاك
بىلەن ئاقارتىلغان تېمى ۋە ئاياغ ئىزـ
لىرى بىر ئالغان توپىدىن باشقا ھېچنەرـ
سە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنـ
مىگەندەك، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ـ ئـۇۋۇـ
لاپ قاراپ باقتى. يەنە كـۆرۈنگىنى شـۇ
تۇپراق، شۇ ئىزلار ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن
بەدىنى مۇز ئارىلاش سوغۇق سۇ قۇيغانـ
دەك ئەندىكىپ كەتتى. مېڭىسى بولساگوـ
يا تۈگمەن تېشىدەك پىرقىرايتتى. ئۇنىڭ
ئەل ـ جامائەت ئالدىدا كىيىدىغان سەلـ
لىسى بىلەن مىڭبىر قىيىنىدا سېتىۋالغان
كالىچىنىڭ شۇ پەيتتە يوق بولۇشى ئۇنى
جامائەت ئالدىدا تولىمۇ ئوسال ھالغا چۈـ
شۈرۈپ قويىدي. سەللىغۇ ئۆيدە قاپتۇ، كاـ
لىچىچۇ؟ قايسى نائەھلى ئـوغرىلىغاندۇ؟
مەن ئاشۇ كالاچنى دەپ باللىرىنىڭ يېيىـ
شىگىمۇ كۆزۈم قىيمىغان ئىككىچارەك بۇغـ
داينى سېتىپ ئالمىغانمىدىم؟ يەنە كېلىپ
مۇشۇ كالاچنى ئېلىشىمغا ئايالىمنىڭ ھاـ
زىرغىچىلىك رازىلىقى يوق. شۇم ئـېغىز
خوتۇن «باللارنى ئويلىماي كالاچ غېمىـ
دىلا قالدىلا، كالىچى يوق ئادەم مەسچىتـ
كە كىرەلمەمدىكىن؟» دەپ بېشىمنى ئوـ
چاق قىلىپ كېلىۋاتاتتى، چىدىمىغاننى
يەر يۇتقاندەك ئىش بولدىغۇ؟ ئەمدى باـ
لىلارنىڭ ئانىسىغا نېمە دەرمەن؟ ھەي كاـ
لاچنىڭ بىرەر يېرىگە بەلگە قىلىپ قويغان
بولسام، شۇ نىشانغا قاراپ ئاسانلا تېپىـ
ۋالاتتىم، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ياسىغان نەرـ
سىلىرىنى ـ زە، بولۇپمۇ چىگە تاغار بىلەن
ھېلىقى كالاچ دېگەن نەرسىلەرنى بىر ـ بىـ
رىدىن ئايرىماق ئاسان ئەمەس، ھەي...
ئۇ، شۇ خىياللار بىلەن مەيۇس ھالدا ئۆـ
يىگە قايتتى. ئۇ يول بويى خۇددى يۈـ
زى بىلەن تىكەن ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك،
تولىمۇ ئازابلانغان ھـالدا زوۋان سـۈرـ
مەستىن كېتىۋاتاتتى. پۇتلىرى ئوتتا كۆـ
يۈۋاتقاندەك ھەر بىر قەدەم ئالغاندا پىـ
ژىلداپ ئېچىشاتتى. كالىچىنى ئوغرىلىـ
غان ئوغرىنى بولسا ئىچىدە مىڭنـى قـاـ
غىدى. ئايالىغا نېمە دېيىش ھەققىدە كۆپ
ئىزدەندى، ھەي...ـ دېدى ئۇ خورسىنغان
ھالدا، ـ كۈچۈمدىن قـالـغىنىمغا باقماي
كالىدەك ئىشلەپ يىغقىنىدىن بۇيان تۇنجى
كـىيـگـەن بـىـردىـنـبـىر ئەتىۋارلىق
نـەرسـەم شـۇ كـالاچ ئـىـدىـغـۇ.
ئېسىت، ئېسىت... ئۇ ئازابلىق خىيالـلار
بىـلەن مېڭىـپ ئۆي ئالـدىغـا كەلدى.
يـاق، ئۆيـگـە مۇشـۇ ھالەتتـە كىرسەم
بولمايدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم بىـرەر ئىشتىن

پاراكەندە بولسا، قانچە يوشۇرغىنىم بىلەن ئايالىم بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ، كالاچ قېنى دېسە... — ئۇ ئىككىلىنىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى، - هەي، نېمىگە ئىككىلىنىمەن؟ مەن ئۇنىڭ ئېرىدۇ، شەرىئەت هۆكۈمى بويىچە ئايال ئەرگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەكتە. ئەگەر ئۇ سەل ئەزۋەيلەپ قالغۇدەك بولسا «هەي خوتۇن، ئاغزىڭنى يىغىۋال، ئېرىڭگە جاۋاب قىلغان ئايالنىڭ ئىككى كالپۇكى ۋە تىلى ئاخىرەتتە تۆمۈر گۈرزى بىلەن قاماقتا ئېلىنارمىش، كېيىنلىكىڭنى ئويلا خوتۇن، ئايال كىشىگە ئەر رازى خۇدا رازى دەپتۇ، يەنە كېلىپ ئەرگە خۇدا بىر، ئايالغا ئىككى دېگەن گەپ بار» دەيمەن. شۇ ئان ئايالىم مېنىڭ قانۇندەك مۇستەهكەم بۇ سۆزۈمدىن هاڭۋېقىپلا قالىدۇ. مەن ئۇتۇپ چىقىمەن... ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىزسوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۆز ئۆيىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىغاندەك ، يەنە كېلىپ ئايالى ئالدىدا بىرەر ئويا تسىز ئىش قىلىپ قويغاندەك هويلا ئىشىكىدىن قەدەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئويلىغانلىرى قۇرۇق خىيال بىلەنلا ئاخىرلاشتى. ئۇ مۇشۇ هالىمنى ئايالىم بىلىپ قالمىغىيدى دېگەندەك ئەنسىزلىكتە ئۆي تەرەپكە پات-پات قاراپ قوياتتى. شۇ هالدىمۇ يالتىراپ تۇرىدىغان، پارقىراق كالىچىنى ئويلايتتى، ئاللىكىملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ گۇمان قىلاتتى. مېنىڭ كالىچىمنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى بىلىپلا قالسام، ئۇنىڭ توپىقىنى ئوغرىلايمەن دەپ ئۆز-ئۆزىنى بەزلەيتتى.

— ئۇ، شۇ تاپتا ئەپچىل چارىدىن بىرنى تاپقاندەك بولدى. «هە توغرا، ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئەقىلغە كېلىدۇ» دېگەن راست ئوخشايدۇ. ئۆيگە كىرىشتىن كۆرە ئۇدۇللا ئىمىر موللامنىڭ قېشىغا بارايچۇ. هەي مېنىڭ ئەقلىمنى-زە، ئىمىر موللام خېلى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم. ئۇ يوقالغان كالىچىمنى چوقۇم تېپىپ بېرىدۇ، ئوغرىنىڭ ئەيىبى ئاشكارىلىنىدۇ. شۇ ئويا تسىز كالاچ ئوغرىسىنى بىر رەسۋا قىلايچۇ؟» ئۇ ئىمىر موللىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

— هەي سەيدۇللاخۇن، سىلىنىڭ كالاچىلىرىنى مۇشۇ مەهەللىدىكى بىرسى ئېلىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ جامائەت ئىچىدىن بولغان ئىش ئىكەن. بىر قانچە كۈن سەۋرى قىلسىلا، بۇ ئوغرى يۈرىكى دەككە - دۈككىدە كالاچنى كىيەلمەيدۇ ئۇكام.

ئۆزىگە سالاپەت بېغىشلايدىغان كالىچىنىڭ هامان بىر كۈنى ئۆز قولىغا قايتىپ كېلەلىشىگە سەيدۇللا تولۇق ئىشەنچ قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىمىر موللىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ هەشقاللا بەجا كەلتۈردى.

— هازىرچە ئېپىنى قىلالمىدىم، - دېدى ئۇ ئىمىر موللامغا يېلىنىپ، - خۇدا بۇيرۇسا بىر چارەك بۇغداي نەزىرە قىلدۇرسىمەن دېسىلە موللام.

— هەي، شەپقەتلىك ئاللا، سەن هەممىگە قادىرسەن، سەنسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. مۇشۇ ئاجىز بەندەڭنىڭ بىر جۈپ كالىچىنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ئىگىسىگە ئاتا قىلغايسەن. ئامىن، - دېدى ئىمىر موللام.

قۇرۇق ۋەدىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىمىر موللىنىڭ دۇئاسىدىن ئىشەنچ تاپقان سەيدۇللا تامامى غەمدىن خالاس بولۇپ ئەسلى هالىتىگە كەلدى.

(ئاخىرى 76 - بەتتە)

# نەسىرلەر

## قىسمەتلەر

**ئابدۇكېرىمجان ياقۇپ**

### تىگىرقاش

ئۇ مېنى بىر شاپىلاق سالدى، مەن زۇۋان سۈرمىدىم. ئەمما باشقا كىشىلەر مېنى «بوش، يارىماس، قورقۇنچاق» دەپ ئەيىبلەپ كېتىشتى. مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىۋېدىم، ئۇلار مېنى دۇررىدە قورشاپ كەلدى-دە، يالغان پېتى ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشتى.

### چىنلىق

«سەن ئەمەس - مەن» دەپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. دوستلىرىم بەك كۆپ بولۇپ، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلاتتى. مەنمۇ خۇددى ھاتەمگە ئوخشاش بارىنى ئۇلاردىن ئايىمايتتىم. پەقەت شۇلارنىڭ ئارىسىدا جۇدەڭگۈ، ئاۋاق، نامرات چىراي بىرسىلا بار ئىدى. مەن ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتىم.

جاھاننىڭ چارقى چۆگىلەپ، قولۇمدىكى بارى تۈگەپ، مەن باشقىلارنىڭ قولىغا قارايدىغان، باشقىلارنىڭ سېخىيلىق بىلەن سۇنغان قولىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئەمما ھېلىقى دوستلىرىم مېنىڭدىن قاچتى. ئۇچراپ قالغان چاغلىرىمىزدا خۇددى مېنى تونۇمايدىغاندەك يۈزۈمگە قاراپمۇ قويمىدى...

ھېرىپ - چارچاش، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق مېنى ئاخىرى ھالسىراتتى. دەرمانسىزلىنىپ يىقىلدىم. ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئىسسىق بىر ئۆيدە كارىۋات ئۈستىدە ياتقۇدەكمەن. بىرەيلەن ئاغزىمغا شورپا سۈيى تامچىتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇ كىشىگە قارىدىم، تونۇيالمىدىم، بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن. بىر ھازا تازا سىنچىلاپ قاراپ ئاخىرى ئۇنى تونۇۋالدىم.

ئۇ — ئاۋۋالقى دوستلىرىم ئارىسىدىكى ھېلىقى ئاۋاق، جۇدەڭگۈ، نامرات چىراي بىرسى ئىدى...

### تەشنالىق

— بەخت، سەن زادى قەيەردە؟ - مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم.

— مەن مانا، بۇ يەردە!

يىراق، تولىمۇ يىراق بىر جايدىن خۇددى كېسەل كىشىنىڭ ئىڭراشلىرىدەك، ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا ئوخشايدىغان بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا سۇس ئاڭلاندى.

— ئاھ، خۇدا! بەختكە ئېرىشىش، نېمە دېگەن تەس - ھە!؟ بەختكە بولغان بىر خىل ئىنتىزارلىق بىلەن ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىم.

### قىسمەت

مەن بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچە ئالدىرىسامۇ، بەخت ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدۇ. توۋا، بەختسىزلىكنىڭ بوسۇغام تۈۋىدە ھىجىيىپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان...

### ئالمىشىش

مۈشۈكۈك «قورسىقىم ئاچتى» دەپ پېيىشىڭگە ئېسىلدى. ئاپئاق توشقىنىڭمۇ ساڭا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدىڭدا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرماقتا. سەن ئۇلارغا قاراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىڭ. ھايال بولماي بىر پارچە لوق گۆش ۋە بىر سىقىم بېدىنى ئېلىپ چىقتىڭ - دە، بېدىنى مۈشۈككە، لوق گۆشنى توشقانغا تاشلاپ بەردىڭ. ئۇلار ئۇ نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويمىدى. كۆزى يەنىلا سەندە. ئېيتقىنا، ئۇلار يەنە نېمىشقا ساڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ؟

### ھورۇننىڭ پەلسەپىسى

«خەپ، ئەتە چوقۇم...»

تاڭ ئاتتى.

«خەپ، ئەتە...»

سەن يەنە شۇ سۆزۈڭنى تەكرارلىدىڭ. ئەمما ئەتەڭ تۈگىمىدى. ئۆزۈڭنىڭ كۈنىدىن - كۈنگە چىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى بىلمىدىڭ. پۇچۇق كەپە، مۇزدەك سوغۇق سۇپا، ئەسكى - تۈسكى يوتقان - كۆرپىلەر سېنى يەپ تۈگەتمەكتە...

# تىڭىرقىغان ھېسلار

راھىلە توختى

### كۆلكە

مەن توغۇلۇپلا راست كۆلكە بىلەن يالغان كۆلكىنى كۆرگەنىدىم. چۈچۈك تىلىم ئەمدىلا بىر نىمىلەرنى گۈڭگىراشقا باشلىغاندا راست ۋە يالغان كۆلكىنىڭ قايسىسىنى كۆلۈشنى ئۆگىنەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ ۋاقىتتا بىر ئادەم ماڭا مۇنداق دېدى:

— سەن ھەقىقىي ئىنسان بولالىساڭ ياشاي دېسەڭ راست كۆلۈشنى ئۆگەنگىن.

مەن راست كۆلۈشنى ئۆگەندىم. ئادەملەر ئارىسىغا بېرىپ راست كۆلگەنىدىم، ئادەملەر «ساراڭ» دەپ مەندىن قاچتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا بىر ئادەم كېلىپ ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:

— سەن ئادەملەر ئارىسىدا ياشاشنى خالىساڭ يالغان كۈلۈشنى ئۆگەنگىن!

مەن يەنە شۇ كۈندىن باشلاپ يالغان كۈلكىنى ئۆگەندىم. ئادەملەر مېنى «ئەقىللىق» دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشتى، ماڭا ئىختىسدا قىلىشتى.

مەن بار ئاۋازىم بىلەن ئىلىلىدىم:

— ساراڭلار!... ئەقىلسىزلار!... — ئاۋازىم بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى. مەن راستىقىمۇ، يالغانغىمۇ ئوخشىمايدىغان كۈلگە ئىدىم، پۈتكۈل بوشلۇق لەرزىگە كېلىپ ئەكس ساداسى ئادەملەرنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۆزۈمنىڭ بۇنداق كۈلكىنى قاچان، قايەردىن ئۆگىنىۋالغانلىقىمنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىدىم...

**قەلەندەر**

مەن يولدا جۇل - جۇل كىيىملىك قەلەندەرنى ئۇچراتتىم. ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماستىن كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى چاقىردىم؛

— سەن نېمىشقا مەندىن تىلىمەيسەن؟ قەلەندەر ماڭا قارىماستىن مۇنداق دېدى:

— سەن مەندىنمۇ ئۆتۈپراك قەلەندەر تۇرساڭ!؟

**ئوغرى**

مەن تۇيدۇرماستىن سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئوغرىلىۋالغانىدىم، بىراق ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قاچان ۋە قانداق ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. مەندىمۇ چوڭ ئوغرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىنىمدە سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئوغرىلىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

**رەنجىش**

ئۇ بەختىدىن مەمنۇن بولۇپ ئىپتىخارلىق كۈلكىسىنى چاراڭلاتقانىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدۇم.

بىراق ئۇ مېنى «بەغەرەز» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن زارلىنىپ ياش تۆككەنىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدۇم. بىراق، ئۇ يەنىلا مېنى «ئىش ئۇقمايدىغىنى» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى. بىلمىدىم ئۇ مەندىن قاچان رازى بولاركىن؟!...

~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~

(بېشى 73 - بەتتە)

كىم بىلسۇن «بۇقا شاپاقنى كۆرسە غازاڭنى ئۇنتار، موللام پۇلنى كۆرسە خۇدانى ئۇنتار» دېگەندەك، موللام هازىرچە بىر چارەك بۇغدايغا ۋەدە ئالغىنىغا خۇش. سەيدۇللا كالىچىنىڭ يىراققا كەتمىگەنلىكىگە خۇش بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر تەگرىلا بىلەتتى. بىرقانچە كۈن ئۆتتى، كالاچ تېپىلمىدى. بۇنىڭدىن سەيدۇللانىڭ سەپرايى ئۆرلىدى. شۇنداقتىمۇ خېلىغىچە كۈتتى، تاقىتى تاق بولدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ كالاچ يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. كۆڭلى غەشلىككە تولغان سەيدۇللا ئاخىرى هەممىنى چۈشەندى، هەممىنى بىلدى. ئۇ ئىمىر موللامنى ئۇقۇپ قويدى. هەرقانچە قىلغانىغا كالاچ قايتىپ كەلمەيدىكەن... ئەمدى خوتۇن نېمە دېسە دېسۇن...
~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~

# «قاشتېشى»دىكى داغ

(ئەدەبىي ئوبزور)

مەتىمىن مەتنىياز

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ سانلىرىدا تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» ماۋزۇلۇق بىر پوۋېستى ئېلان قىلىندى. بۇ پوۋېستنى ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك ئوقۇپ تۈگەتتىم ـ دە، كاللامدا ھەرخىل پىكىر ـ ئىنكاسلار تۇغۇلدى. بۇ ئىنكاسلار ئاساسەن «پوۋېستنىڭ پېرسوناژلىرى رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشامدۇ ياكى ئاپتور سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ياساپ چىققانمۇ» دېگەن مەسىلىگە يىغىنچاقلاندى. بۇ مەسىلىگە مۇۋاپىق جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. كاللامدا قوزغالغان ئىنكاسلار تېخىمۇ كۈچلۈك باش كۆتەردى. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

بۇ پوۋېست خوتەندىن قەشقەرگە بىلىم ئاشۇرغىلى بارغان «مەمەت» بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ياماقچى بازىرىدا ياماقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان «لەيلى» نىڭ بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان. «مەمەت» قەشقەردە روزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئايەملىك ئوينىلىدىغان ساما ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئەمما بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۇ سامانىڭ پىرىگە ئايلىنىپ، ئۆزىمۇ سەزمەگەن ھالدا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئويناپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ھېيتلىق بەتىنكىسىنىڭ چەمى ئاجراپ كېتىپ ياماقچى بازىرىغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ساما ئۇسۇلى ئادەتتە بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت بولۇپلا قالماستىن، بىر خىل دىنىي ئېتىقاد شەكلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ ھەم بۇ ئۇسۇل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، بۇنى «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىدىكى كەنجىنىڭ مەشرەپ ئۇسسۇلىنى خېلى مەزگىل ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەنلىكىدىنمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇلنىمۇ تۇنجى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەپلەشتۈرۈپ ئوينىيالىشى ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمما ئاپتور «مەمەت» نى «لەيلى» بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق بولمىغان ئۇسسۇلنى تاللىغان. «مەمەت» ياماقچى بازىرىغا كەلگەندە ھېيت بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان «لەيلى» كونىراپ كەتكەن ياماقچى ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرىدۇ. «لەيلى» ئۇيغۇر ئايال. ئۇ باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا بىر يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بۇ قۇتلۇق كۈننى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە كۈتۈۋالىدۇ، ئەلۋەتتە. ئادەتتە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھېيتنى ئۆتكۈزەلمەي ياماقچىلىق قىلىدىغان دەرىجىدە ناچار ئەمەس. چۈنكى ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشە-

دىلا « لەيلى » نى مۇنداق تەسۋىرلەيـ
دۇ : « ئۇ ئوتتۇز ـ ئوتتۇزبەشلەرنىڭ
قارىسىنى ئالغان، چىرايى قاشتېشىدەك
سۈزۈك، ئويچان كۆزلىرى ئۈستىدىكى قاشـ
لىرى قارلىغاچ قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە ۋە
ئۇلىشىپ كەتكەن، نېپىز لەۋلىرى سەدەپـ
تەك چىشلىرىنى نامايان قىلىپ قىيا ئېـ
چىلغان »... بۇ تەسۋىردىن كۆرۈشكە بوـ
لىدۇكى، « لەيلى » ھېچقاچان ئىقتىسا ـ
دىي جەھەتتىن مۇھتاجلىقتا ياشاۋاتقان
ئايال ئەمەس . ئەگەر ئۇنى ئۆزى ئېيتـ
قاندەك ھېيتنىڭ كەلگىنىنى سەزمەي يا ـ
ماقچىلىق قىلغىلى چىققانتى دېسەك، تېـ
خىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . چۈنكى
ھېيت كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ھېيتقا
نەچچە كۈن قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ
تۇرىدۇ. دېمەك « لەيلى » نىڭ روزى
ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ياماقچىلىق قىـ
لىپ ئولتۇرۇشى ھېچقانداق ئادەمنى قاـ
يىل قىلالمايدۇ.
بۇ ئەسەردىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە،
« لەيلى » نىڭ « مەمەت » كە ئۆز قىـ
زىنى سايە قىلىشى، ئۇيغۇر ئاياللىرى
ھېچقاچان باشقىلارغا « مېنىڭ قىزىمنى
ئېلىڭ » دەپ يالۋۇرمايدۇ. بۇنداق قىـ
لىش ئاشۇ ئايالنىڭ شەرىپىگە داغ يەتـ
كۈزۈپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگىمۇ زور دەرىـ
جىدە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. « لەيلى »نىڭ
« مەمەت » كە دېگەن گەپلىرىدىن ئۇنىڭ
ئەمەلىيەتتە قىزى يوقلۇقىنى ئېنىق بىلـ
گىلى بولىدۇ. ئەجىبا بۇ گەپلەرمەمەتنىڭ
قەلبىدە گۇمان تۇغدۇرمايدىكىنا ؟ خوـ
تەندىن قەشقەرگە بىلىم ئاشۇرغىلى بارـ
غان بىر زىيالى، ناتونۇش بىر خوتۇن
« ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ناھايىتى

چىرايلىق قىزىم بار. سىزگە بېرەي، خوـ
تۇنلۇققا ئېلىڭ » دېسە گۇمانلانماي قاـ
لامدۇ؟! ئەگەر بار دېگەندىمۇ ناتونۇش
بىر ئادەمگە يالۋۇرۇپ بېرىدىغان ھالغا
چۈشۈپ قالغان قىز زادى قانداق قىز
بولماقچىدى؟ ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا
« مەمەت » نى ناھايىتىچىۋەر، ھەر قانـ
داق نەرسىنى تونجى قېتىم كۆرۈپلا بىـ
لەلەيدىغان قىلىپ كۆرسەتكەن ئەمەسمىـ
دى؟ ئەپسۇسكى ساما ئۇسۇلىنى بىر كۆ ـ
رۈپلا ئۆگىنىۋالغان بۇ « ئەقىللىق» سىـ
تودېنت ئەمدى بىر ياماقچى خوتۇننىڭ
ئاشكارا تۇرغان يالغان گېپىنى سەزمەـ
دۇ؟! ئۇنىڭدىكى بىرەر سائەت ئىلگىرىكى
ئەقىل ـ پاراسەت نەگە كەتتى؟
ئەمدى ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا
قاراپ باقايلى. پېرسوناژلارنىڭ ئاخىرـ
قى تەقدىرىمۇ ئەقىل ـ ھوشى سەل جايـ
ىدىراق كىشىدىن بىرنىمۇ قايىل قىلالمايـ
دۇ . « لەيلى » نىڭ چېنىپ تۇرىدىغان
يالغان گېپىگە زورمۇ زو ئىشەنگەن «مەـ
مەت » شۇنىڭدىن كېيىن ياماقچى بازىـ
رىغا قاترايدىغان بولۇپ قالىدۇ. « مە ـ
مەت » ياماقچى بازىرىغا بارىدۇ، كېلىـ
دۇ، يەنە بارىدۇ ، يەنە كېلىدۇ. يامغۇر
ياغىدۇ، توختايدۇ . بۇنداق تەپسىلاتلار
«ھورۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسى ھەم ئۇزۇن
ھەم سېسىق » بولغاندەك ناھايىتى ئۇزۇن
ۋە زېرىكىشلىك. « مەمەت »،« لەيلى »
نىڭ قىزى يوقلۇقىنى، ئەسلى ئىسمى«خەـ
دىچە » ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدىيۇ ، يەنە
ياماقچى بازىرىغا قاتراشتىن توختىمايـ
دۇ. نەتىجىدە خەدىچە « مەمەت » نىڭ
بۇرنىنى يېرىۋېتىپ ياماقچى بازىرىدىن
كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ « ئەقىللىق » سىـ
تودېنت ئۇزۇن مۇددەت ئالداپ ئەخمەق

قىلغان ۋە بۇرۇندىن قان ئېقىتقان خە-
دىچەنىڭ ئۆيىنى ئىزلەپ تاپىدۇ. بۇ تۇر-
مۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. «مە-
مەت» نىڭ خەدىچەنىڭ ئىزىنى ئىزلەپ
مېڭىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمى-
غانىدى. ئەگەر خەدىچە ياماق بازىرىدى-
كى كىچىككىنە جېدەلدە ئۆلسىمۇ «مەمەت»-
نىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقى
ناھايىتى روشەن. بۇ ئەسەرنىڭ خەدىچە-
نىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىنىپ بولغاندىن
كېيىنكى قىسىملىرىنىڭ قىلچە ئەھمىيە-
تى يوق. ئاپتور ئەسەر ۋەقەلىكى ئاياغ-
لىشىپ قالغاندىمۇ «مەمەت» نى خەدىچە-
نىڭ ئارقىسىدىن يەنە سوكۇلداتتى. ئەگەر
خەدىچە ئاپتور تەسۋىرلىگەندەك يوقسۇل
بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر
تېپىش يەنىلا «مەمەت» نىڭ مەجبۇرى-
يىتى ئەمەس. شۇنداقكەن «مەمەت» نىڭ
خەدىچەنى توختىماي ئىزدىشى ۋە ئۇنىڭغا
پۇل بېرگىنىدىن قارىغاندا «مەمەت»-
نىڭ بۇ يەردە ئېرىشمەكچى بولغىنى
ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمى-
غان «مەڭگۇ نۇر» ئەمەس، خەدىچەنىڭ
ئۆزى دەپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.
«سەمەر» چايچىنىڭ مەمەتتىن گۇمان-
لىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ روشەنلەش-
تۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور
خەدىچەنى باركۆچى بىلەن ئاقلاشقا تى-
رىشىدۇ. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى «مە-
مەت» كە سۆزلىتىش ئارقىلىق خەدى-
چەنىڭ روزى ھېيت كۈنى ياماقچى بازى-
رىغا بېرىپ ئولتۇرغىنىنى ۋە ئالدامچى-
لىق قىلغىنىنى مۇھتاجلىقتىن ئاشۇنداق
قىلىشقا مەجبۇر بولغان دېگەن يەكۈن
بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە
خەدىچەنىڭ ئەھۋالى ئاپتور دېگەندەك

پاجىئەلىك ئەمەس. ئەگەر باشتا «مە-
مەت» نى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان «لەي-
لى» خەدىچە بولسىلا بىز ئۇنىڭ قىيا-
پەت تەسۋىرىدىن باياشات تۇرمۇش كە-
چۈرۈۋاتقان بىر ئايالنى كۆرىمىز. يەنە
بىر تەرەپتىن ئەسەردىكى خەدىچە ھېسسى-
داشلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئايال ئەمەس.
بەلكى ئۇچىغا چىققان مۇتەھەم، بۇزۇق
خوتۇن. چۈنكى ئۇ ياماقچى بازىرىدا
ئۆزىگە نۇرغۇن ياخشىلىق قىلغان «مە-
مەت» نىڭ بۇرنىنى يېرىۋېتىپ، شاپ
بۇرۇت يىگىت بىلەن قەستەن جېدەل تۇغ-
دۇردى، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ماھىيە-
تىنىڭ ئاشكارا بولغاندىن كېيىن «مە-
مەت» كە قىلغان ھەيۋىسى. مەمەتنىڭ
ئۆزىنى ئىزلەپ بارغاندىن كېيىنكى بې-
چارە قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بولسا،
ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان ساختىپەز، تۈل-
كىلىكى. خەدىچە «مەمەت» كە ئەھۋالىنى
سۆزلىگەندە «مەن بۇرۇن ئۆزۈمنى ياخ-
شى كۆرگەن يىگىتلەرنىڭ پەرۋانىلىقىدىن
تۇتۇۋېلىپ ئەخمەق قىلاتتىم. ئۇلار ئەكىلىپ
بەرگەن ئالمىنى بىر چىشلەپلا كالىسىغا
ئاتاتتىم. ئەكىلىپ بەرگەن تۇخۇملارنى
ئاغزىمغا ئاتاتتىم - دە، شاكىلى بىلەن
ئىگىسىنى كۆمەتتىم» دەيدۇ. بۇنىڭدىن
قارىغاندا خەدىچە بۇرۇنمۇ ئىپپەت - نو-
مۇسلۇق قىز ئەمەس، بەلكىم ئەخلاقسىز،
شاللاق قىز. ئەخلاقلىق قىزلار ئادەتتە
يىگىتلەر ئەكىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى،
جۈملىدىن يەيدىغان نەرسىلەرنى ئالدى-
راپ ئالمايدۇ، ئالغاندىمۇ يىگىتلەرنىڭ
ئالدىدا تۇرۇپ، ماچىلداپ بىر نېمە
يېيىشتىن تارتىنىدۇ. خەدىچە يەنە خو-
تەنلىك ئېرىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتى-
نى مۇنداق ئەسلەيدۇ: «مەمتىمىنىنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى مېنى سوغۇق قارشى ئال ـ
دى . مەن گويا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگە ـ
شىپ كېلىپ بىر كېچە ئويناپ چىقىپ كې ـ
تىشكە كەلگەن كوچا دىلبىرىدەك كۆرۈن ـ
گەن چېغىم. » بۇ جۈملىمۇ خەدىچەنىڭ
خېلى بۇرۇنلا كوچىغا چىقىپ قالغانلىقى ـ
نى ئىسپاتلايدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا
كوچا ئايالىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قان ـ
داق بىلىدۇ ؟ ئۆزىنى نېمە دەپ ئۇلارغا
سېلىشتۇرىدۇ ؟ ! ۋەھالەنكى مۇشۇ ئايال ـ
نى ـــ ئەسەردىكى مۇشۇ خەدىچەنى ئاپتور
بار كۈچى بىلەن ئاقلايدۇ ، مەدھىيە ئو ـ
قۇيدۇ . نەتىجىدە بۇ ئىش خۇددى كېرى ـ
يە ناھىيىسىگە بارماقچى بولۇپ ، خوتەن ـ
دىن يولغا چىققان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ سەز ـ
مىگەن ھالدا گۇما ناھىيىسىگە بېرىپ قال ـ
غىنىدەك بولغان .

ئەمدى تىل جەھەتتىكى بەزى نۇقسان ـ
لارنى كۆرەيلى :

« مەيلى دەرس ۋاقتى بولسۇن ، مەي ـ
لى تەنەپپۇس ۋاقتىدا بولسۇن كۆزۈم
ئاسماندا ئىدى » ئادەمنىڭ كۆزى ھەر
قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئور ـ
نى بولغان پېشانىسىنى تاشلاپ ئاسمانغا
چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر « ئاسمانغا قا ـ
رايتتىم » دېسىمۇ خاتا بولىدۇ . چۈنكى
دەرس دېگەننى دالىدا ئۆتمەيدۇ ، ئۈستى
يېپىلغان مەخسۇس دەرسخانىدا ئۆتىدۇ .
ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى جۈملىگە قا ـ
رايلى : « كوچىدىكى ئاياللارنىڭ كېيىك ـ
نىڭكىدەك دېگىگىيىپ تۇرغان ئەمچىكىنى
مەڭگۈ نۇرنىڭ ئەمدىلەتىن ۋايىغا يەت ـ
كەن ، تېخى ھېچقانداق بىر ياۋايى تەن
ئىز سالمىغان بىر جۈپ كۆكسىگە تەڭقىل ـ
مايتتىم . » كېيىكنىڭكىدەك دەپ ئوخشى ـ
تىش زادى كېيىكنىڭ نېمىسىگە ئوخشىتىل ـ
غان ؟ كېيىكنىڭ مۈڭگۈزىمۇ ياكى بۆرىكى ـ
گىمۇ ؟ ئەگەر « كېيىكنىڭ ئەمچىكىدەك »
دېسىمۇ توغرا بولمايدۇ . چۈنكى كېيىك ـ
نىڭ ئەمچىكى دېگگايمايدۇ، ئاستىغا سال ـ
پىيىدۇ . جۈملىنىڭ كېيىنكى بۆلىكىگە
قاراپ باقايلى : « ياۋايى تەن ئىز سال ـ
مىغان » دېگىنى زادى نېمىنى چۈشەندۈ ـ
رىدۇ ؟ بۇ يەردىكى ياۋايى تەن يولۋاس ـ
نىڭ تېنىمۇ ياكى شىر، ئېيىقنىڭ تېنىمۇ!؟
ياۋايى ھايۋانلار ئادەمنىڭ كۆكسىگە ئىز
سالمايدۇ . ئەگەر ئىز سالغۇدەك پۇرسەت
بولۇپ قالسا ئىز سېلىش بىلەنلا چەك ـ
لەنمەيدۇ . ئەگەر « يات جىنسىتىكىلەر
ئىز سالمىغان » دېسىمۇ توغرا بولمايدۇ.
چۈنكى ئادەم بەدىنىگە باشقا بىر بەدەن ـ
نىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا ئىزى چۈش ـ
مەيدۇ .

مەن ماقالەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىمەن .
ئەدەبىيات ـ سەنئەت تازا گۈللەۋاتقان
ھازىرقى شارائىتتا مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ
مەيدانغا چىقىشى خۇددى ئېسىل بىر قاش ـ
تېشىغا چۈشكەن داغدەك ئەدەبىياتىمىزغا
زور نۇقسان كەلتۈرىدۇ . شۇڭا مۇنداق
ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىپ كېتىشىدە ـ
كى ئۆتكۈن تەھرىر يولداشلارمۇ ئالاھىدە
دىققەت قىلىشى لازىم . «يېڭى قاشتېشى»
ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق
سەۋەنلىكلەرگە يول قويماسلىقىنى، تېخىمۇ
چاقنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

# ئانا يۇرت تەسراتلىرى

(چاتما)

مۇھەممەتئىمىن توختى

## بار

ھەر يۇرتنىڭ تارىخىدا چاپاسى بار،
چاپانىڭ توغرا ياكى خاتاسى بار.
ئويلىساق، توغرا بىلەن خاتالىقنىڭ
سەۋەبى، باشلامچىسى، ئاتاسى بار.
يۇرتۇمنىڭ گۈللىگەچكە يېڭى دەۋرى،
خەلقىگە بەرگەن بەخت، ۋاپاسى بار.
قويندا ئۆسكەن يىگىت، پەرھاتلىنىڭ
قۇدرىتى تاغنى تېشەر، ساپاسى بار.
چىن دىيەدۇر مەن تۇغۇلغان ئانا يۇرتۇم،
پېقىرنىڭ تەسىراتقا ئاساسى بار.
قوينى كەڭ، مېھرى ئىللىق ئانايۇرتىنىڭ
جانغا ھوزۇر، تەنگە ساپ ھاۋاسى بار.

يايلىقى يېشىل كىمخاپ، رەڭدار گىلەم
قۇشلارنىڭ يېقىملىق كۆي ـ ناۋاسى بار.
چارۋىلار ئوتلار تىمەن، ئويناقلىشىپ،
ئوت ـ چۆپنىڭ تەنگە ئوزۇق ـ داۋاسى بار.
قەد كۆتەرگەن ئىماتە ئورمانلىرى،
قۇمغا قارشى ياگىردىغان ساداسى بار.
زەپ گۈزەل، جەننەت كەبى گۈلباغلىرى،
تاڭ سەھەر مەيىن شامال، سَاباسى بار.
بۇ، ئانا يۇرت غەلىبىسىگە تەنتەنە،
ياگىردى ھەر ياندا توي، ساماسى بار.
بارچە خەلق ناخشا ئېيتىپ كۈيلىدى،
ئانا يۇرتقا ياخشى دەپ باھاسى بار.

## بۇ يوللار...

بۇ يوللار، چىغىر يوللار، ئۇزۇن يوللار،
ئاخىرى ئۇپۇقلارغا سىڭىپ كەتكەن.
نەچچە يىل، نەچچە ئەسىر، ئاشۇ يولدا،
كارۋانلار ئىز قالدۇرۇپ مېڭىپ كەتكەن.

«ئات ئورۇق، مەنزىل يىراق» يېتەلمەستىن،
نەچچىلەر يول ئۈستىدە ھېرىپ كەتكەن.
نەچچىلەر نەچچە ئايلاپ، نەچچە يىللاپ،
سەپەرنىڭ ئازابىدىن قېرىپ كەتكەن.

بۇ يوللار مۈشكۈل يوللار، ئۇزۇن يوللار،
باشلارغا تالاي ئەندىش سېلىپ كەتكەن.
قىشتا جۈت، يازدا ئىسسىق جاننى قىيناپ،
ۋاقىتسىز شۇم ئەزرائىل ئېلىپ كەتكەن.

×

پارتىيە ئەل بەختىنى كۆزلىگەچكە،
يېزامغا يېڭى پەرمان ئېلىپ كەلدى.
«يول يىراق، يېقىن قىلىپ ياسايلى» دەپ،
دىللارغا ئوتلۇق ئارمان سېلىپ كەلدى.

يول ئالدۇق شەھەرلەردىن تاغلارغىچە①
ماي بېسىپ، ئەمدى ئارزۇ قېنىپ كەلدى.
خوتەندىن يولغا چىققان يولۇچىلار،
شۇ كۈنى ئىش پۈتتۈرۈپ يېنىپ كەلدى.

دېھقانلار ھەيدەپ موتۇ، ھارۋىسىنى،
بىخەتەر يېقىن يولدىن مېڭىپ كەلدى.
توي تارتىپ يېڭى يولنىڭ غەلىبىسىگە،
ياگىرىتىپ ناغرا ـ سۇناي چېلىپ كەلدى.

×

① چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار، نۇرى، ئۇلۇغساي، بوستان يېزىلىرىغا ئېلىنغان ماي يول كۆزدە تۇتۇلدۇ.

## شائىر ئىسمايىل ھاجىنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسىرى –

# «مۇھەببەتنامە»

ھۇۋەل پىراق ۋە ھۇزەل ئىشتىياق،
مۇبارەك جامالىرى كۆڭلۈمگە يېقىن، كۆزۈمدىن يىراق،
يارىمنىڭ جامالىرى كېچە - كۈندۈز يادىمغا، پىكرىمگە يېقىن،
ئامما كۆزۈمدىن يىراق، يارىمنى ئىزدەي دېسەم مەنزىل يىراق،
ئىچىمگە توشۇپتۇر ئەجەب ئىشتىياق، ئاھ نە قىلاي، ئاھ پىراق، ئاھ ئىشتىياق،
ھىجرى ئوتىنىڭ يالىنىدىن ئۆلگىنىم يۈز مىڭ ياخشىراق،
ئەي نازاكەت باغۇ - بوستانىنىڭ باھارى، قاچان بولغاي ماڭا يارىنىڭ
ۋىسالى، ھۆسنى ئىقلىمىنىڭ تاجدارى، ھەممە مەشۇقلارنىڭ پادىشاھى،
ۋە ئارام باغىنىڭ بەدىئىي ئول جامالى بىر ئىقلىم شەھەر خەلفە سۇلتانى.

ئەي جاندىن ئەزىز ۋە شېكەر قەندىن لەززەتلىك، ھەرجايدا ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك، ئاپتاپ تەلئەتلىك ۋە مۇشتەرى سائادەتلىك ۋە شەھنە - شەۋكەتلىك، زىبە - زىننەتلىك، قەددى - قامەتلىك، بۇلبۇل سۆزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، جاندىن ئەزىز بىۋاپا مەشۇق چارە سازىمغا ۋە مونىس دىلنەۋازىمغا ئىقرات گېشى ۋە ھەرىكەت ئەندىشە نىكۇ خىيال ۋاقتىدا ئەپئالى ئاننە يىراق يەرلەردىن ۋە يېقىن كۆڭۈللەر بىلەن كۆرۈشكەلى ئارزۇلۇق بولغان، مۇڭداشقالى مۇڭلۇغ بولغان جىناب مەشۇق يارىم ئاندە يۈرۈپ، مەن غەمگۇزار ئاشىقلارى مۇندە يۈرۈپ جىنابى يارىمدىن ئايرىلىپ، يارى مەشۇقۇمنىڭ ئىچ ئاغرىقى ئوتى، پىراق دەردى ئىشتىياقلىرىدا كېچە - كۈندۈز خۇداغە يىغلاپ، مۇساپىر بولۇپ، ئىشق دەشتىدە ماكان تۇزگەن، ھىجرى شامالىدە سورۇلغان، ئىشق ئوتىدا قورۇلغان، ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولغان جىنابلارىغە ئوخشە زىباھ - نازىنىنى بىر كۆرۈپ يەنە بىر كۆرمەككە ئارزۇ - ئۇمىدتە بولغان، ھىجرى ئوتىدە مۇبتىلا بولغان، كىمىنە ئاجىز غەمگۇزار پېقىر ئاشىق مەھبۇبلارىدىن سېغىنىپ، كۆپتىن كۆپ، تۈمەن - تۈمەن قۇللۇق ۋە چىمەن - چىمەن سىرىنگۇللۇك بەندەكى دۇئايى سالامھەدىييە ۋە تەسلىمات بىلەن نىھايە ئاراسىدىن سوگرە ۋەزھى ۋەلاھ ئولغايىكىم جىناب مەشۇق يارى دىلناۋازىمدىن.

— ئايرىلغانىم ئاڭا ئوخشايدۇركى، بېلىق دەريادىن ئايرىلغاندەك، كېيىك تاغدىن ئايرىلغاندەك، بۇلبۇل قىزىلگۈلدىن ئايرىلغاندەك، گۈل غۇنچەسىدىن ئايرىلغاندەك، پادىشاھ تەختىدىن ئايرىلغاندەك، گۆھەر خەزىنەدىن ئايرىلغاندەك، لەيلى مەجنۇندىن ئايرىلغاندەك، پەرھات شېرىندىن ئايرىلغاندەك، يۈسۈپ زۇلەيخادىن ئايرىلغاندەك، تاھىر پادىشاھ زۆھرەخاندىن ئايرىلغاندەك، ۋامۇق ئوزرادىن ئايرىلغاندەك، ئاشىق مەشۇقتىن ئايرىلغاندەك، كىچىك نارەسىدە بالا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغاندەك، قوي قوزاسىدىن ئايرىلغاندەك، توخو چۆجىسىدىن ئايرىلغاندەك،

تۆگە تايىلىقىدىن ئايرىلغانىدەك، مەن بى ئىلانجى ئاجىز مەشۇق مەھبۇبلارى جىناب مەشۇقۇم يارى دىلناۋازىمدىن ئايرىلىپ، ھىجرى ئوتىنىڭغا لىپ مۇپتىلالىقىدىن ئەقلىي ھوشۇمدىن كېتىپ، مەجنۇن سۈپەت بولۇپ، تۆت - بەش كۈندەمۇ بىر قوۋۇز تىنابۇل قىلماي، ئىشىق ئوتىنىڭ مۇپتىلالىقىدىن دورا يېگەن بېلىق سۈپەتلىك مەستى-مۇستەغراق بولۇپ، كېچە ئۇخلىماي ئاسمانغا قاراپ، يۇلتۇز ساناپ، كۈندۈزى بىئارام بولۇپ، باغرىمنى ھۆل يەرگە يېقىپ يېتىپ، ھىجرى ئوتىنىڭ غالىبلىقىدىن خۇداغا ئاھ ئۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز خۇداغا يىغلاپ، كۆزۈمدىن ئاققان ياشىمدا سىياھ ئېزىپ، كىرپىك قەلەم بىلەن خەتنامە يېزىپ، ئىچىمدىكى دەردى ئەھۋالىمنى قەغەز يۈزىگە بىر - بىر مۇھەببەتلارى بار - يوق ئىكەنلىرىنى بىلمەي بىر مۇنچە دەقتە مەكتۇپ نالايىق مۇھەببەتنامە قىلىندى. جىناب مەشۇقلارى دىلناۋازىمدىن ئايرىلغانىمنىڭ بويانى يېمەگىمگە ۋە ئىچمەكىم زەھەر ئالۇدە ئەلەم بولۇپ، كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق، كۈندۈز بىئارام بولۇپ، جىناب يارى مەشۇقۇمنىڭ پىكرى يادىلىرىدە ئاللا تائالاغە زارە ئەيلەپ، جامالى جاھان ئارايلارىغە مۇشەررەپ بولۇرمەنمىكىن دەپ سۇبھى شام ۋە بەلكى ئەلەد داۋام تەلەپلىرىگە مەشغۇل بولۇپ تۇردۇم. جىناب مەشۇقۇمۇ ئاجىز مەھبۇبلارىنى چىن كۆڭۈللارىدىن خاراموش قىلماي ئىلتىپات قىلىپ، ياد قىلىپ تۇرۇشلىرىدىن ئۈمىد قىلىمەن دەپ شۇبۇ تەقلىدتە مۇھەببەتنامە ئىرسال قىلىندى، ئەسسالام ئەلەيكۇم.

مەن مەھبۇبلارى جىنابلارىدىن ئايرىلىپ،
مەشۇقۇم كېتىپ قالىپ سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
مەن يىغلىماي كىم يىغلاسۇن،
مەشۇق يارىمدىن ئايرىلىپ.

ئاھ، نەقىلاي، مەندە ئىختىيار يوق ئىكەن، ئەگەر مەندە ئىختىيار بولسا ئىدى، ئالتۇندىن ساراي سېلىپ، لەھلە-مارجان، جوۋاھىر ئاتلىرىدە كۆز قويۇپ ھەمىشە ئول ساراي ئىچىدە جىناب مەشۇق يارى دىلنەۋازىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تولۇن ئايدەك مۇبارەك جامالى بەركامالىغە قاراپ شېرىن شېكەرلەبلەرىنى سۆيۈپ ئولتۇرساق ياخشى بولار ئەردى.

بىۋاپا كەج راپتار ھاۋادىساتى ئالەمنىڭ ئىشى ئانداق ئەمەسكەن، جىناب مەشۇق دىلناۋازىم مۆمىن، ئاجىز، ئاشىق مەھبۇبلارىنى ئەلۋەتتە كۆڭۈل خاتىرلىرىدىن فاراموش قىلمايسۇنلار، مەندەك بىر كىشى جىنابلارىغە ھەر ۋاقىتتە لازىم دەپ چانۇدىلىم بىلەن سېغىنىپ مۇھەببەتنامە ئىرسال قىلىندى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

يۇتۇلدى يۈز مۇھەببەت بىرلە نامە ئەگەر ئۆلسەك،
تىرىكلىك يادنامە نىگارىمغە دۇئايى بەندىلىكتۇر.
خىجالەتتىدىن تولا شەرمەندىلىكنۇر،
مۇھەببەتنامە قىلدىم ئاڭلاسۇن دەپ،

مېنىڭ كۆيگەنلىرىمنى چاغلاسۇن دەپ.
كىشىنىڭ يارى بولسا كۆپ يىراقتە،
كېچە - كۈندۈز كۆيەر ئوتى پىراقتە.
قېشىمغا بارغىلى يوقتۇر باھانە،
مېنى كۆيدۈرمەكىل كۈندىن زىيادە.
مەن ھەم بارسام يارىم كۆرسەم يۈزۈڭنى،

جامالىڭ بىلەن قاندۇرسام كۆزۈمنى.
كىشى كۆرمەس بۇ ئالەمدە ماڭا ئوخشاش،
سېنىڭدەك نازىنىن يوقتۇر ساڭا ئوخشاش.
سەرۋى قامەت گۈل-رۇخ زىبا نىگارىمغە
دۇئا،
يار ھەرەم باغدە پۈتكەن ئاھ يارىمغە دۇئا.
باغدا بۇلبۇللار مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ زار
يىغلاشۇر،
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك جانۇ جاھانىم-
غە دۇئا.
سۆزلىسە شېكەر تىما دۇر كۈلسە گۈللەر ئاچىلۇر
يۈزلەرى تاۋۇس يەڭلىغ گۈل ئۇزارىمغە دۇئا.
ھۆرى يەڭلىغ سۆزى تاتلىق مېھرىبانىمغە
دۇئا،
چاچى سۇمبۇل، لەبلەرى ئىقتىدارىمغە دۇئا.
كۆز ئۇچى بىرلەن باقىپ جانىمغە ئوتلەرنى
يېقىپ،
ھالىمە رەھمە ئەيلىمەس نامېھرىبانىمغە دۇئا.
تۇتىيا ئەيلەرگە يوق باسقان ئىزىڭنىڭ
تۇپراقى،
كۆكدىكى چولپان مۇسەللىك تالۇنى يارىمغە
دۇئا.

سەن سېغىنمادىڭ مېنى
خوشمۇ سېغىندىم مەن سېنى.
نەقىلاي مەنزىل يىراق، بېرىپ كۆرەلمەدىم
سېنى،
بىر ۋەلە ۋەيرانە قىلماقغە زەھىرىڭ بار
ئىكەن،
بىلگەنىم يوق مەشۇق ياردىم نەھاق ئۆل-
تۈردۈڭ مېنى.
ئەسلا مەن ئۆلدۈم دېمە-سەمەن بىر كۆرۈپ
ئۆلسەم سېنى.
مۇنچە زۇلۇم ئەتمەك بىلەن ئاشىق بىچارىگە،
سەن ماڭا زۇلۇم ئەيلەسەڭ خۇداغا تاپ-
شۇردۇم سېنى.
كىشى مەھبۇبىنى ھەر كۈندە مىڭ يات قىل-
ماسمۇ،
پەرىشان خاتىرىمنى قايغۇدىن ئازات
قىلماسمۇ؟
قىلۇرغا يادە نامە تاپماسە بىر تۆھپەگە لايىق،
سالامەت خاتىرى بىرلەن كۆڭۈلنى شات
قىلماسمۇ؟
نامە يېزىپ ئىبەرگىلى كاغەز، سىياھ بولمىسە،
مەن بۇ يەردىن كاغەز ئىبەرسەم ئۆچكەن
كۆڭۈلنى شات قىلماسمۇ؟
ساڭا كۆيمەك ماڭا ھەقدىن ئىرادە،
ساڭا كۆيدۈم قىزىلگۈلدىن زىيادە.
قاشىڭغا بارغىلى باردۇر خىيالىم،
قىزىلگۈلدەك چىرايلىق ئاھ ياردىم.
كېچە - كۈندۈز جۇدا بولماي قاشىڭدە،
ھەمىشە يىغلاپ ئولتۇرسام باشىڭدە.
ئەي بادى سابا قىيام يەتكۈر،
يارىمغە سالام دۇئا يەتكۈر.
ئاشىق بولۇپمەن قارا كۆزگە،
يامانلىق ئەيلەمەڭ بىزگە.
ئەي يارەنلەر بۇ ئالەمدە مەندەك ئاجىز
بولۇرمۇ،
كۆپ يىغلاسام ياردىم ماڭا رەھىم قىلۇرمۇ؟
ئىشق ئوتىدا كۆيەرمەن،
ھەر كۈندە مىڭ ئۆلۈرمەن.
بېيىت باغلاپ سۆزلەيمەن،
ئەرز ئەھۋالىمنى ئىشتۇرمۇ؟
يارى يار دەپ يىغلادىم،
يۈرەك باغرىمنى داغلادىم.
بېيىت باغلاپ سۆزلەدىم،
ئەھۋالىمنى بىلگەيمۇ؟
فراقىڭدە تولا بولدۇم بىتاقەت،
ئىشق ئوتۇڭنى تارتتىم ماڭا قىيامەت.
ئەزىز جاننى خۇدا قىلسا سالامەت،
ئاخىر كۆرۈشەرمىز بىر كۈن ئەي ياردىم.
بۇ بېيىتنى مەن ئىبەردىم مېھرىبان ياردىم ساڭا
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئال مەلۇم بولۇر ھالىم
ساڭا،
ئەي قارا قاشلىق ياردىم جانىم پىدا
بولسۇن ساڭا،

جا نىدىن كەچكەن كىشى ئاشنا بولسۇن ساڭا.
مەنغۇجا نىمدىن كېچىپ ئاشنا بولدۇم ساڭا،
كۆن چىقىشتىن كۆن كىرىشكە ئاشنا بول-
دۇم ساڭا،
ياكېلىپ جانىمنى ئالغىل ياكۆڭۆل بەرگىل
ماڭا.
كېچە - كۆندۆز يىغلىماقتىن ئۆزگە ئىش
يوقتۇر ماڭا،
بۇ مېنىڭ يىغلىغانىمنى كىم بېرىپ
ئېيتۇر ساڭا.
ئاي بىلەن كۆننى قوشۇپ ئەلچى ئەۋەرتتىم
مەن ساڭا،
ئايمۇ ياندى، كۆنمۇ ياندى، هېچ كېپىڭ
يوقمۇ ماڭا.
ئاشۇنداقمۇ يار بولۇرمۇ ۋەدىسى يالغان،
ئۆچ كۆندە كېلۇرمەن دەپ ئۆچ ئايغا قالغان.
تېچۆك ئەيلەي بۇرادەرلەر كى مەن ياردىمدىن
ئايرىلدىم،
بويى نەرگەس، لېۋى شېرىن قەلەم قا-
شىمدىن ئايرىلدىم.
ئالدىراشلىقتا قۇرۇق خەت بىلەن يادئەت-
تىم سېنى،
سەن ياردىم يادئەتمەدىڭ مەن ئاجىز بىچارىنى.
ئىستەدىم مەن تاپمادىم ئالەمدە سەندەك
يارىنى،
ئەي مەشۇقۇم يىغلاتماغىل مەن ئاجىز بى-
چارىنى.
ياردىم بارسىلا تاغى تىزلارغا،
سالام دېگىل بىزنىڭ يارلەرگە.
ئامان بارساڭ تاغۇ - ئېتىزلارغە،
سالام دېگىل بىزنىڭ ئەللەرگە.
ئاهۇكۆزلۆك ياردىم قاشىن ساقال تاراسۇن،
ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن بىزنى سوراسۇن.
ئاخىر بىر كۆن بارۇرمىز ئاي، يىل قاراسۇن.
سالام دېگىل بىزنىڭ يارلەرغە.
مەن يارىڭىز ئەجەب بولدۇم ئارماندە،
يۇرتلاردىن چىقالماي قالدىم دەرماندە.
ئامان بولسۇن ياردىم ئۇندە، بىز مۇندە،
سالام دېگىل زىنھار ئۇ شۇل يارىمغە.
مەن مۇندە غېرىب بولدۇم داغى هەسرەتتە،
ياردىم ئۇينار ئۇندە ئەيشىن - ئىشرەتتە.
ئەجەب بەختى قارا بولدۇم ئاهۇنادامەتتە،
بادە شامال ئەرزىمنى ئالغىل ياردىمغە
ئەلبەتتە.
سالام دېگىل ئويناپ يۆرگەن ياردىمغە،
يىغلاي - يىغلاي كۆز ياشلىرىم هۆل بولۇپ،
مەن نىلايىن قىسمەتلىرىم شۇل بولۇپ،
هەر بىر كۆنۆم ئايدۇر ياردىم يىل بولۇپ.
هىجرى ئوتى بۇ جانىمغە يوپۇشتى،
خازان بولماسۇن باغى گۆلزاردىم.
تىنىمدە قالمادى زەررە مەجالىم،
كۆرمىگۆنچە يوقتۇر سەبرى قارارىم.
مەن بىلمەدىم نېچۆك بالا يېتىشتى،
پىراقىدا خازان بولماي بار ئۆلدۇم.
كېچە - كۆندۆز ياردىم ئۆچۆن ئاه ئۇردۇم،
جامالىنى بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.
داغى هەسرەت بۇ جانىمغا يوپۇشتى،
شۇل ياردىمدىن ئايرىلىپ قالغۇنچە ئۆلگەن
ياخشىراق،
ئۇشبۇ دۇنيادىن كېچىپ يىگانە بولغان
ياخشىراق،
بۇ تېرىلگەندىن ماڭا ئەلبەتتە ئۆلگەن
ياخشىراق.
سەن ئاندە قىلۇرمۇسەن ياد،
مەن مۇندە چېكەرمەن ئاهۇ پەرياد.
كېچە ياتىپ بۇ مۆهلەتنى قىلدىم،
ئەرزىمنى ئېيتىپ بۇ خەتنى قىلدىم.
مېنى كۆيدۇرمىگىل بۇندىن زىيادە،
مەن قانداغ قىلاي تەقدىر ئىرادە.
ئالتۇن باشلارىغە،
قەلەم قاشلارىغە.
گۆهەر كۆزلەرىگە،
كۆمۆش چىشلەرىگە،
ئىنشائاللاتائالا رەبىل ئالەمىن.

نەشىرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇلئەهەد ئالىم
هېكىم مەتسېيىت

# باتۇر ئەلى ۋە يۇلتۇز پەرى

(چۆچەك)



بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر ئاۋات ماكان بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ياشىر ئەلى شاھلىق قىلىدىكەن. ئۇ يۇرتنى ئادالەت بىلەن سورىغاچقا ئەل ئاۋات، خەلقى باياشات ياشايدىكەن. ياشىر ئەلىنىڭ باتۇر ئەلى ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. بۇ ئوغۇل ئەقىللىق، ئىرادىلىك ۋە باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئۇنىڭ يەنە قىرىق يىگىتى بولۇپ ئۆزى بىلەن بىرگە دائىم شىكارغا چىقىدىكەن. جەڭ ماھارىتىنى ئىگىلەيدىكەن. ياشىر ئەلى ئوغلى باتۇر ئەلىنىڭ ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قىران يىگىت بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ - دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ، پىكرىنى ئېيتىپتۇ. مەسلىھەتچىلەر، ۋەزىر - ۋۇزۇرالار كاتتا بايلارنىڭ بىر قانچە قىزلىرىنى شاھقا كېلىنلىككە كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىردا يۇرت بويىچە بايلىقتا غېنى دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلى دەرىجىگە يەتكەن مىر ئەلى دېگەن سودىگەرنىڭ گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ ۋە دەرھال مىر ئەلىنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلەر ئەۋەتىلىپتۇ. بۇ ئىلتىپاتتىن مىر ئەلى قۇللۇق بىلدۈرۈپ، توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باتۇر ئەلى قىرىق يىگىتى بىلەن شىكاردىن قايتىپ گۈلچېھرەنى كۆرۈپ يانماقچى بوپتۇ، ئۇ مىر ئەلىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۈلچېھرە تۇرىدىغان ھوجرىغا كىرىپتۇ.

ئۇ مېھمانخانا ھوجرىسىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىشىغا مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۈلچېھرە ئورنىدىن تۇرۇپ قاپىقىنى تۈرۈپ باتۇر ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ ۋە ماڭا سەندەك گۆدەكلەر كېرەك ئەمەس، ئۆز لايىقىڭنى تاپ، - دەپ ئاھانەت قىپتۇ. باتۇر ئەلى ئالدىدا قىرىق كېنىزەك قىز، كەينىدە قىرىق يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپتۇ، يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ھوجرىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. ياشىر ئەلى باتۇر ئەلىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ. باتۇر ئەلى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن پېتى ئۇنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ زار - زار يىغلاپتۇ ۋە:

— ئەزىز ئاتا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپمىغىچە بۇ يۇرتتا تۇرماسمەن،

دەپ يىغلاپ ئاتىسىنىڭ پۇتىنى سۆيۈپتۇ.
ياشىر ئەلى ئوغلىنى يۆلەپ ئۇنىڭ پې-
شانىسىگە سۆيۈپتۇ. ئاق يول تىلەپ، يول
تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن ئۇنى پۈتۈن يۇرت خەلقى يول-
غا چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ.
ياشىر ئەلى باتۇر ئەلى بىلەن خوشلى-
شىدىغان چاغدا:
— ئوغلۇم ئەر قانىتى ئات دېگەن تەم-
سىل بار. مانا بۇ ئاتام ناسىر ئەلىدىن
قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى. بۇ يۇرت ئا-
شار دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئىز-
زۈك تاپ. يوللار ئۇزۇن، مەنزىل يىراق،
ئىرادە بولسىلا بەختلىك كۈنلەر يېقىنلاپ
كېلىدۇ. ئاتا - ئاناڭنى، تۇغۇلغان يې-
لىڭنى ئۇنۇتما، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر
دەپ دۇئا قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
باتۇر ئەلى ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ
دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ،
يۇرت ئارقىدا قاپتۇ، چۆللەر باشلىنىپ
يەر-جاھان ئوتتەك قىزىپ كېتەپتۇ، ئۇس-
سۇزلۇق تەشنالىقى باتۇرنىڭ ئىرادىسىنى
يېڭەلمەپتۇ. چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا
ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقانكەن، بىردىنلا
ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. باتۇر
ئەلى. «ئاھ ... بۇ سايدا نېمە قىلىدىغان
ئاق ئۆيدۇ بۇ؟...» دەپ ئويلاپ ئات چاپ-
تۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا
ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل دەرۋازىسى
ئوچۇق تۇرغان. باتۇر ئات بىلەن دەر-
ۋازىدىن كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى تۈپتۈز
كەتكەن مەيدان ئەتراپى بىر قانچە هوج-
را، دەرۋازا ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بو-
لۇپ، ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەس-
نادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ
كېلىپ مەيدان ئوتتۇرىسىدا تۇرغان با-
تۇرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر يۇمۇلىنىپلا
ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. با-
تۇر بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بو-
لۇپتۇ ۋە سۆز تاشلاپتۇ:
— ئەي گۈزەل ! مەن بولسام يىراق
ئەلنىڭ پادىشاھى ياشىر ئەلىنىڭ ئوغلى
بولىمەن. خالىساڭ ئىككىمىز بىرگە بىز-
نىڭ يۇرتقا بارساق قانداق؟-دەپتۇ. پەرى
قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازا ئۇدۇلىد-
كى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ
مېڭىپتۇ. باتۇر ئۇنى يوقىتىپ قويمىسام
بولاتتى دېگەندەك دۇلدۇلنى بىر باستۇ-
رۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆينىڭ ئالدىغا
كېلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۆي ئىچىدە
پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان
بىر تۆمۈرچى ھەدەپ تۆمۈرنى بىسىزغانلا-
ۋاتقۇدەك، پەرى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن، تۆ-
مۈرچى پەرۋاسىز ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل
بولۇپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چى-
لىمنى ئېلىپ تاماكا سېلىپتۇ ۋە تۆمۈر-
چىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. لېكىن
تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي بىپەر-
ۋا تۇرغۇدەك. باتۇر بۇ ئىشلارنى كۆر-
گەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي يەنىلا
سۆز تاشلاپتۇ:
— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام، يى-
راق يۇرت پادىشاھى ياشىر ئەلىنىڭ ئوغ-
لى باتۇر ئەلى بولىمەن. مەن بىلەن بىر-
گە بىزنىڭ يۇرتقا بارساڭ قانداق؟ قىز
يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چىلىمنى تۆمۈر-
چىگە ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقى-
سىغا يېنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا
كېلىپتۇ.
باتۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ
كېلىپتۇ ۋە يەنە سۆز تاشلاپ:
— ئەي گۈزەل قىز، بۇنداق چۆلدە يۇر-
گىچە مېنىڭ گۈزەل ماكانىمغا بىرگە بار-
ساڭ قانداق؟ دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاق-
تىدا قىز باتۇرغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:
— ئەي باتۇر ئەلى، سېنىڭ ئەھۋالىڭ
ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئال-
تە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن. شۇڭا ئۆز بې-
شىمغا بالا تېرىپ تۇل بولۇشنى خالىماي-
مەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ

دەپتۇ ـ دە، بىر يۇمۇلىنىپ كۆك كەپتەرگە
ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . باتۇر
ئەلى ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويىمىسام
بولاتتى دېگەندەك كۆك ئاسماندىن كۆز
ئۈزمەي تۇرۇپتۇ ۋە كۆك كەپتەر ئۇپۇق
سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا مەن
سېنى قەيەردىنلا بولمىسۇن تاپىمەن دەپ
يولغا چىقىپتۇ، ساي تۈگىسە چۆل باشلى ـ
نىپتۇ، چۆل تۈگىسە يەنە ساي باشلىنىپتۇ،
دەشتى باياۋان تۈگىمەپتۇ.

ئەنە شۇنداق يۈرۈۋاتسا تۇيۇقسىز
كەتكەن بىر سايدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك
ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ
بېرىپتۇ قارىغۇدەك بولسا كەڭرى كەتكەن
كۆك سېپىل ئىكەن ھەم ئۇنىڭ دەرۋازىسى
تاقاقلىق تۇرغۇدەك، ئۇسسۇزلۇققا چاڭ ـ
قاپ كەتكەن باتۇر دەرۋازىنى قېقىپتۇ .
ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك
ئىشىكى ئېچىلىپ، كېلىشكەن بىر قىز چىـ
قىپ دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرغان باتۇرغا ساـ
لام بېرىپتۇ. باتۇر ئۇنىڭغا:چاڭقىغان يەـ
گىتكە بىر يۇتۇم سۇيۇڭ بارمۇ؟ـ دەپتۇ.

قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە «خېنىمدىن سوـ
راي» دەپ قايتىپ كىرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
چوڭ دەرۋازا ئېچىلىپ تۆت گۈزەل قىزـ
نىڭ ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر
قىز دەرۋازىدىن چىقىپ باتۇرنىڭ ئالـ
دىغا كېلىپتۇ ، باتۇر دەرھال ئاتتىن
چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ، قىز باـ
تۇرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ.

قىزلار ئۈزۈلمەي يەل ـ يېمىش، قەنتـ
گېزەك، مەززىلىك تاماقلارنى توشۇپ باـ
تۇرنى مېھمان قىلىپتۇ. قىز قىزىق پاـ
راڭلىرى بىلەن باتۇرنى رازى قىلىپتۇ.
شۇ ئارىلىقتا بۇ قىز ئۆزىنى تونۇشتۇـ
رۇپ چۆللەردە ياشىغۇچى نۇر ئەشرەپنىڭ
سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىـ
نىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر قېتىملىق
جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر بۇ چۆلـ
دىكى كۆك سېپىلدە ياشاۋاتقانلىقىنى
ئېيتىپتۇ. باتۇر ئۆزىنىڭ يىراق ئەلنىڭ
پادىشاھى ياشىر ئەلىنىڭ ئوغلى باتۇر
ئەلى ئىكەنلىكىنى، مىر ئەلىنىڭ قىزى
گۈلچېھرەدىن خاپا بولۇپ ئاتىسىنىڭ راـ
زىلىقى بىلەن يولغا چىققانلىقىنى، يولدا
ئاق ئۆيگە يولۇقۇپ، ئۇ يەردە ئاجايىپ
گۈزەل بىر پەرىنى يولۇقتۇرغانلىقىنى ۋە
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ئىشتىياقىدا
ئىزلەپ ماڭغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ. بۇ
سۆزلەرنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزى بىلـ
گەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇ يولۇقتۇرغان
پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەـ
رى ئىكەنلىكىنى، ئۇ كۆرگەن قارا تۇمۇرـ
چى قارا دىۋە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپتۇ.
ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك مۇشكۇل قىياـ
مەت، شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭۈلدىن چىـ
قىرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا شام شەھەر پادىـ
شاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەمرىگە ئېـ
لىش، ئۇنىڭ يولىدا بارلىقىنى پىدا قىـ
لىش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپـ
تۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن باتۇر ئەلىـ
نىڭ كۆڭلى قۇندۇزنىڭ ئىشتىياقى بىلەن
تولۇپتۇ، قۇندۇزغا يېتىشنىڭ يولىنى سوـ
راپتۇ.

گۈلجامال دوستانە مەسلىھەت بېرىپ
دەپتۇ:

— ھازىر شام شەھەر پادىشاھىنىڭ
قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە
گۈزەللىكىدىكى داڭقى پۈتۈن دۇنياغا تاـ
رالدى. ئۇنى ئېلىشقا نۇرغۇن ئەلنىڭ
شاھزادىلىرى ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئەلـ

چىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھەر پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە «كىمدە كىم باغدات بىلەن شام شەھەر ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقسا شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ. مۇشۇ ئېلانغا ئاساسەن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغداتقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام نۇرئەشرەپمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۈزۈپ چىقىدۇ، ئۇ بەكمۇ مەرت يىگىت، شۇڭا سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولساڭ، ئۇ بەيگىنىڭ ئۇتۇقىنى ساڭا بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان. ئېسىڭدە بولسۇن، دوستلۇق ئۈچۈن مېنى شېپى كەلتۈرگىن. باتۇر ئەلى بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالنىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامال ئۇنى خېلى ئۇزاق يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپتۇ. ئايرىلىش ئالدىدا باتۇر ئەلگە ئاق يول تىلەپ قايتىپتۇ. باتۇر ئەلى يەنە سايلارنى كېزىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. چەكسىز كەتكەن بۇ چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دۇلدۇلنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئورۇق جەدە بايتالغا مىنىۋالغان، بېشىدا ئۇزۇن كۇلا، ئۇستىدە مىڭبىر قۇراقتا تىكىلگەن جەندە، قولىدا سەكسەن بىر كۆزلۈك سۇلتا تۇتۇپ ئالغان بىر دىۋانە ھەدەپ بايتالنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. باتۇر ئەلى ھەر ھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم دەپ ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ سالام بېرىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ شۇنى كۆرۈپتۇكى، ئاغزىدا بىر دانىمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىر تال تۈكمۇ يوق، كۆزىدە تىرىكلىكتىن دېرەكمۇ يوق، بىر كوسا ئىكەن. باتۇر بۇ كوسا دىۋانىدىن بىر ئاز چۆچۈپتۇ ۋە يول مېڭىشقا ھەمراھ كېرەك دەپ مېڭىۋېرىپتۇ. باتۇر ئۆزىنىڭ يىراق ئەلنىڭ پادىشاھى ياشىر ئەلنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، گۈلچېھرەدىن خاپا بولۇپ يولغا چىققانلىقىنى، يولدا ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ھازىر شام شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئېلىش مەقسىتىدە باغداتتىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن كوسا دىۋانە ھېچبىر زۇۋان سۈرمەپتۇ ۋە پات - پات باتۇرنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ قويۇپتۇ. بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن بىر كۈنى سەھەردە قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ كوسا دىۋانە باتۇر ئەلنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇنىڭغا قول ساپتۇ. كوسا دىۋانىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن باتۇر ئۇنىڭغا خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى قۇمغا كۆمۈپتۇ. دىۋانىنىڭ كېيىملىرىنى ئۇستىگە كىيىپتۇ، بايتالنى يېتىلەپ دىۋانە قىياپىتىدە باغدات قايدا سەن دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ساي ئاخىرلىشىپ كۆكلەم باشلىنىپتۇ. باتۇر خۇشاللىنىپتۇ ۋە باغداتقا يېقىنلىشىپتىمەن دەپ دۇلدۇلىنى ئاستا قەدەم ئالدۇرۇپ، بىر تار چىغىر يول بىلەن باغدات شەھىرىگە مېڭىپتۇ. ئىككى تەرەپ پوتىلەي چاتقاللىق بولۇپ پەقەت بىرلا چىغىر يول بار ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ

غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپتۇ ۋە
ئېتىنى توختىتىپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇر-
غۇنلىغان چىمۋىنلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئا-
ۋازى كىرىپتۇ. نېمە ئىش بولدىكىنە دەپ
ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بول-
سا، ئالدى تەرەپتىن بويىنىغىچە قوماق
باسقان بىر تاز مەن ئات تاپماي قوي-
مايمەن، مەن ئات تاپماي قويمايمەن دەپ
بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بېشىغا ھەر
بىرنى ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاڭ» قى-
لىپ ئۇركۈيدىكەن. قولىنى تارتسا مىڭ-
لىغان چىۋىن «ۋىژ» قىلىپ قونىدىكەن. ئۇ
تازمۇ جىلە بولغان ھالدا ھېچ نەرسىگە
قارىماي كېلىۋاتقۇدەك. باتۇر «مەن ئات
ئۈستىدە بولغاندىن كېيىن ئۇ يولىنىڭ
سىرتىغا چىقىپ يول بوشىتىپ بېرەر، دەپ
ئاستا مېڭىپتۇ. لېكىن ئۇ تاز ئۇدۇللاكې-
لىۋېرىپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان باتۇر يول-
نىڭ سىرتىغا چىقىپ يول بوشىتىپ بېرىش-
كە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ تازمۇ ھېچ نەرسەكۆر-
مىگەندەك باتۇر ئەلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىپتۇ. باتۇر بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ
ۋە باغداتقا كىرىشتە بىرىنچى يولۇقتۇر-
غان كىشىم مۇشۇ، گەپ سورىماي ئۆتۈپ
كېتىشىم ياخشى ئەمەس. گەپ سوراپ ما-
ڭاي دەپ ئويلاپ، دۇلدۇلنىڭ بېشىنى
تارتىپ توختىتىپ ئارقىسىغا قاراپ:

— ھەي تاز، سېنىڭ ئىسمىڭنى بۇ شە-
ھەردە نېمە دەپ ئاتايدۇ؟- دەپتۇ. تاز
كەينىگىمۇ قارىماستىن:

— ھەي قەلەندەر، مېنىڭ ئىسمىمنى
سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە
ئېيتىپ بېرەي. ئىسمىمنى بۇ شەھەرلىك-
لەر چاتاقچى تاز دەيدۇ،- دەپ قارىماي
مېڭىۋېرىپتۇ. بۇ تازنىڭ ئىسمىنى چاتاق-
چى تاز دېگىنىگە قارىغاندا قولىدىن ئىش
كېلىمدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوست
بولسام قانداق دەپ ئويلاپتۇ باتۇر.

— توختا! سەن ئات تاپماي قويماي-
مەن دەيسەن. ئات ساڭا نېمىگە كېرەك بو-
لۇپ قالدى،- سوراپتۇ باتۇر.

— ھەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخە-
ۋەر ئوخشايسەن. ھازىر شام شەھەر
پادىشاھىنىڭ گۈزىلى- قۇندۇزنى ئېلىش
ئۈچۈن باغداتتا ئات بەيگىسى ئۆيۈشتۈ-
رۇلماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غۇرۇرۇم بىلەن
بۇ بەيگىگە قاتناشماقچى،- دەپتۇ.

باتۇر ئۇنىڭغا:

— كەل، بۇ بايتالغا مىنىۋال، دېگەنە-
كەن تاز چاققانلىق بىلەن بايتال ئۈستى-
گە چىقىۋاپتۇ. بۇلار خۇشخۇي ھالدا باغ-
داتقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغداتقا
كىرىپ كارۋان سارىيىغا ئورۇنلاشقاندىن
كېيىن، چاتاقچى تاز، باتۇرنى ھەيدەپ
بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزا ئال-
دىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە مىرزىغا قاراپ:

— ھەي مىرزا، بىرىنچى قاتارغا چا-
تاقچى تاز، ئىككىنچى قاتارغا دىۋانە
دەپ ياز،- دەپتۇ. مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ
يىرگىنىپتۇ ۋە: مىرزىخانىدىن چىقىش! شاھ
قىزى قۇندۇزنى سەندەك تاز، دىۋانىلەر-
گە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر ئالىدۇ،
دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلى-
نىپتۇ ۋە بىر مۇش بىلەن مىرزىنى يىقى-
تىپتۇ. بۇ خەۋەر باغدات خەلىپىسىنىڭ
قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە جاللاتلارنى
بۇيرۇپ چاتاقچى تاز بىلەن باتۇرنى ئور-
دىغا ئېلىپ كېلىپتۇ ۋە سوراق قىلىپتۇ.
چاتاقچى تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ
تۇرۇپ:

— ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ ئادىل شاھ-

لىقلىرىدا چىقارغان پەرمانىدا «كىمدەكىم
بولمىسۇن ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى
ئالغان كىشىگە شەھەر پادىشاھىنىڭ قىـ
زى قۇندۇزنى بېرىمىز» دەپ جاكارلانـ
غان، لېكىن مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىـ
لىپ، بىزنى بەيگىگە تىزدىلىمىاي قوغلىـ
دى، دەپ ئەرز قىلىپتۇ. خەلىپە بۇ تازـ
نىڭ ئەرزىنى مەقبۇل كۆرۈپ بوشىتىپتۇ.
ئورىدىن چىققان چاتاقچى تاز باتۇرنى
ئەگەشتۈرۈپ مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇۋە
يېڭى مىرزىغا:

— بىرىنچى قاتارغا چاتاقچى تاز،
ئىككىنچى قاتارغا دىۋانە دەپ ياز،
دەپتۇ. مىرزا سۆزسىز يېزىۋاپتۇ. كېـ
يىن ئۇنبەش كۈنگىچە ياخشى تەييارلىق
قىلىشنى، ئونبەش كۈندىن كېيىن بەيگە
باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇزىتىپ
قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇلار پادىـ
شاھلىق ئاتئېغىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆزـ
لىرى دەم ئالغاچ ئاتلىرىنى بېقىشقا
باشلاپتۇ. باتۇر ئەلى تۆتياشار دۇلدۇلـ
نى باشتاقلاپ قويۇۋېتىپتۇ. دۇلدۇل
باشقىلارنىڭ ئوقۇرلىرىدىكى يەمـ
بوغۇزلارنى يەپ ياخشى سەمـ
رىۋاپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتىلى ئالـ
دىغا ئەكىلىپ بەرگەن يەمنىمۇ يېمەي
تۇرۇۋاپتۇ. شۇڭا چاتاقچى تاز ھەر قايـ
سى بەيگىچىلەرنىڭ تۇۋرىلىرىدىن يەمـ
بوغۇز ئوغرىلاپ چاتاق تېرىپ ئونبەش
كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتە بەيگە باشلىنىـ
دۇ دېگەن ئاخشىمى باتۇر چاتاقچى تازنى
چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىقراق، سەھەرـ
دە سەن مېنى ئويغىتىۋال، — دەپتۇ ۋە
قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز ئەتىسى سەھەردە ئويغىـ
نىپ قارىسا ئۇرغۇن بەيگىچىلەر ئات چاپـ
تۇرۇپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ
بايتالنى توقۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا
باتۇر ئېسىگە كېلىپ، بايتال ئۈستىدىن
چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر، تۇر، ھەي قەلەندەر
تۇر! — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن
باتۇر ئويغانماپتۇ. تاز ئاچچىقلاپ كېتىپ
قاپتۇ. ھەممە بەيگىچىلەر كېتىپ بولغانـ
دىن كېيىن دۇلدۇل كىشنەشكە باشلاپتۇ،
لېكىن باتۇرنى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىرى
دۇلدۇل باتۇرنىڭ بەلبېغىدىن چىشلەپ
تارتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا باتۇر چۆچۈپ ئويـ
غىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان
ھالدا دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا راۋان بوپـ
تۇ. ئۇن كۈن يول يۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى
بەيگىچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپتۇ، يەنە
توختىماي چېپىپ ئونبەش كۈن بولدى
دېگەندە چاتاقچى تازنىڭ ئارقىسىدىن
يېتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنـ
سەن، مېنى ئويغىتىۋالساڭ بولماسمىدى،
دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ئەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ
كىشى، سېنى ئويغىتىمەن دەپ بەيگىچىلەرـ
نىڭ كەينىدە قالدىم دەپتۇ ۋە باتۇرغا:
قېنى تېزماڭايلى! دەپ بايتالغا قامچا ئۇرۇپ
بىرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ، لېكىن بايتال
ھەدېگەندىلا دۇلدۇلنىڭ كەينىدە قېلىۋېـ
رىپتۇ. باتۇر ئىلگىرىلەپ يىگىرمە كۈن
بولدى دېگەندە پۈتۈن بەيگىچىلەرنىڭ
ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ توختىماي
دۇلدۇلنى چاپتۇرۇپ، يىگىرمە ئىككى كۈن
بولدى دېگەندە ئالدىدا يەنە بىر دۇلدۇلـ
نىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
ئۇ قوغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ يىگىرمە تۆت

كۆن بولدى دېگەندە ئارقىسىدىن يېتىپـ
تۇ. قارىغۇدەك بولسا پاكار ئەرەب دۇلـ
دۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىـ
ۋالغان كىشى ئىكەن. بۇ جەزمەن كۆك
ئۆيدە ئۇچراتقان گۈلجامالنىڭ ئاكىسى
نۇر ئەشرەپ ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇپ
كېتەي دەپ دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپتۇ ۋە
نۇر ئەشرەپنىڭ ئوق يېنىدىن ئۆتۈپ كەتـ
مەكچى بولۇپتۇ. لېكىن ئەرەب دۇلدۇلى
يولنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ ئۇنىڭغا
يول بەرمەپتۇ. سول تەرىپىدىن ئۆتەي
دەپ سول تەرىپىدىن كەلگەنىكەن ئەرەب
دۇلدۇلى يولنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ
ئۆتۈشكە يول قويماپتۇ. ئامالسىز قالغان
باتۇر ئەرەب دۇلدۇلىنى چىشلەپ يىقىـ
تىشقا ئۆز دۇلدۇلىنى ئىشارەت قىپتۇ.
دۇلدۇل ئەرەب دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پاچىقىـ
دىن چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا
ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن ئەرەب دۇلـ
دۇلى چاچراپ تۇرۇپ باتۇرئەلىنىڭ دۇلـ
دۇلىنىڭ ئالدى پۇتىنى چىشلەپ ئۇنى
يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا كېتىپتۇ. بۇ ئىش بىر
قانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ لېكىن
باتۇرنىڭ دۇلدۇلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ
كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باتۇر گۈلـ
جامالنى شېپى كەلتۈرۈپ دوست بولماقچى
بوپتۇ. ئەرەب دۇلدۇلغا يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم نۇر ئەشرەپ، سەن بىـ
لەن سىڭلىڭ گۈلجامالخاننى ئارىغا سېـ
لىپ دوست بولۇشنى خالايمەن. دوستلۇق
ئۈچۈن بەيگىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا ئۆتـ
تۈنسەڭ قانداق؟... دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىـ
غان نۇر ئەشرەپ:

— سىڭلىم گۈلجامالخاننى ئارىغا سالـ
غىنىڭ ئۈچۈنلا سەن بىلەن دوست بولۇشـ
نى خالايمەن. كەل ساڭا ئاق يول تىلەيـ
مەن، — دەپ دۇلدۇلنىڭ بېشىنى تارتىپ
باتۇرنى ئالغا ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

— شام شەھەر خەلقى بەيگىدە كىم
ئۇتۇپ چىقىدىكىن دەپ شەھەردىن ئۈچ
كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن. قارىـ
غۇدەك بولسا بېشىدا كۈلا، ئۇستىدە جەنـ
دە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر
ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك، كىشىلەر
هاڭ ـ تاڭ قېلىشىپتۇ. ھەر تۈرلۈك گەپـ
سۆزلەر بولۇپتۇ. بەزىلەر : ئېھتىمال بۇـ
سا راڭ قەلەندەر يېرىم يولدىن ئات چاپـ
تۇرۇپ كەلگەن بولسا كېرەك دېسە، بەزىـ
لەر : ھەر ھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەنـ
دىن كېيىن، چارباغدا مېھمانخانىغا باشـ
لاش كېرەك، ـ دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ
ئۇنى چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ.
باتۇر كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن مىرزا
دەپتەرنى ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇ
قەلەندەرنىڭ بەيگى تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ
بار ـ يوقلۇقىنى سورىغانىكەن،
مىرزا سۆز قىلىغۇچە چاتاقچى تاز:

— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار،
ئۇ باشقىلاردىن يېرىم كۈن كېيىن يولغا
چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ـ دەپتۇ.
مىرزىمۇ شۇ زامان باش لىڭشىتىپ تەسـ
تىقلاپتۇ. شام شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئۆـ
زىگە بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بوـ
لۇپ، خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېـ
لىپ چارباغقا كەپتۇ. مېھمانخانا ئىـ
شىكىدىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا بېشىـ
دا كۈلا، ئۇستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا
تۇتقان، ئىككى يېنىدا يىگىرمىدىن قىرىق
دانە يەنجى تىزىپ قويۇلغان بىر قەلەنـ
دەر ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھ سۆز
قىلماي يېنىپتۇ. لېكىن ئىشىك يوچۇقىـ
دىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز قەلەندەر كىـ

يېمى ئىچىدە ئولتۇرغان گۈزەل شاھزادىـ
نىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ.
پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ،خوتۇنى ئارـ
قىلىق قىزىغا مەسلىھەت ساپتۇ. قىز ۋەـ
دىگە ۋاپا قىلىپ، بەيگىدە ئۇتقان كىشىـ
گە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز
توي قىلىپ، قۇندۇزنى باتۇرغا بېرىپتۇ.
نىكاھ كۈنى باتۇر قەلەندەرچە كىيىمىنى
سېلىۋېتىپ، شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆـ
زىنىڭ يىراق ئەلنىڭ پادىشاھى ياشىر
ئەلىنىڭ ئوغلى باتۇر ئىكەنلىكىنى مەـ
لۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشاللىنىپتۇ
ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئوڭ قول ۋەزىرلىكـ
كە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار
ئىنتايىن ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ.
كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپـ
تۇ. بىر كۈنلىرى باتۇر خامۇش بولۇپ
ئولتۇرۇپ قالاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز
ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنـ
داق جاۋاب بېرىپتۇ:
— مەن يىراق ئېلىمدىن ئايرىلىپ، ئاق
ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم،
ئۇ ماڭا سېنىڭ پەقەت ئالتە يىللىقلا ئۆمـ
رۈڭ قالدى ، دېگەنىدى. ھازىر تۆت يىل
ئۆتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەن
ئۆلىمەن، سەن تۇل بولۇپ قالىسەن. شۇـ
نىڭغا ئىچىم ئاغرىپ غەمدە ئولتۇرۇپ قالاپ كېـ
تىۋاتىمەن ـ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇنـ
دۇز تەسەللىي بېرىپ: خاپا بولۇپ ئەنـ
دىشە قىلما، بۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا
بولىدۇ. مەن چوڭ ئانامدىن پەرىنى سۆيـ
گەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دەپ
ئاڭلىغانىدىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن
دوست. ئۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە مېـ
نىڭ ھوجرامغا كېلىدۇ. كېچىچە ئويۇنـ
تاماشا بىلەن ئۆتىمىز. سەن بۇ پەيشەنـ
بە كەچتە مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىپ،
ھوجرامدا ئولتۇرغىن، پەرى كەلگەندە بىر
ئاماللاپ سۆيۈۋالغىن ، دەپ ئۆگىتىپتۇ.
ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ پەيشەنبە كەچتە
يۇلتۇز پەرى، قۇندۇزنىڭ ھوجرىسىغا كېـ
لىپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن ئويۇن ـ تاماشا
قىلىپتۇ. ئارىلىقىدا يۇلتۇز قۇندۇزغا:
— سەن تۇرمۇشقا چىققان باتۇرنىڭ
ئىككى يىللىقلا ئۆمرى قالدى. كۆپرەك
ئويناۋال،دەپتۇ. قۇندۇز بۇ سۆزنى ئاڭـ
لاپ قايغۇغا پېتىپ جىم بولۇپ قاپتۇ.
ئويۇن ـ تاماشا بۇزۇلۇپتۇ. بىھودە،سۆز
قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان يۇلـ
تۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ،
كېلەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ ماـ
كانىغا قۇندۇزنى تەكلىپ قىپتۇ. ھەپتە
ئۆتۈپ، پەيشەنبىمۇ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ
مەسلىھەتى بىلەن باتۇر قۇندۇزنىڭ كىـ
يىملىرىنى كىيىپ قۇندۇزنىڭ ھوجرىسىدا
ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن
قاتتىق بوران چىقىپ بىردىنلا ئۆينىڭ
تۈڭلۈكىدىن ئىككى قول كىرىپتۇ ـ دە، باـ
تۇرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.
بۇ، يۇلتۇز پەرىنىڭ قۇندۇزنى ئېلىپ كېـ
لىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن دىۋىلىرى ئىكەن.
ئۇلار يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن
يۇلتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا كەپتۇ. باتۇر
قارىغۇدەك بولسا يۇلتۇز پەرى ئالتۇن
تەختتە ئولتۇرغۇدەك. دىۋىلەر ئۇنى تەخت
ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. باـ
تۇر يۈزىنى يەرگە چاپلاپ دۈم يېتىۋاپتۇ.
يۇلتۇز پەرى تەختىدىن چۈشمەي ئۇنى
ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىپتۇ ، لېكىن باتۇر
بېشىنى كۆتۈرگىلى ئۇنىماپتۇ. يۇلتۇز پەـ
رى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز ، ئۆتكەنكى ئۇلتۇرۇشتا، مەن سېنى خاپا قىلىپ قويىدۇم. كەچۈرگىن، بۈگۈن بىرگە تاماشا قىلىپ، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن دەپ باتۇرنىڭ پېشانىسىدىن شۇنداق يۆلىشىگە باتۇر يۇلتۇز پەرىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ. ئۇ يەنىلا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. يۇلتۇز پەرى غەزەپلىنىپتۇ، چۈنكى پەرىلەر ئۆزىنى ئىنسانلارغا سۆيدۈرمەيدىكەن. ئۇ غەزەپ بىلەن يېنىدىكى دىۋىگە قاراپ بۇيرۇق قىلىپتۇ: بۇ قۇندۇز ئەدەبسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھوجرىسىغا ئاپىرىۋەت، دەپتۇ. دىۋە باتۇرنى كۆتۈرۈپ ئۆز ھوجرىسىغا ئاپىرىۋېتىپتۇ. نېمە بولاركىن دەپ كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز باتۇرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سەن ئۆلمەي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، دەپ يىغلاپ-يىغلاپ سۆيۈپتۇ. باتۇرمۇ خاتىرجەملىنىپ، قۇندۇز بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بىر كېچىسى باتۇر ئاھ دەپتۇ-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا باتۇرنىڭ يېنىدا ياتقان قۇندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ باتۇرنىڭ ئاھ دېگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئۇنىڭدىن نېمىگە ئاھ چەككەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. باتۇر مەھبۇبىغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

باتۇر يىراق ئەلگە بارغانىمىش. ياشىر ئەلى بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئاھ چېكىپ، ئوغلۇم باتۇر قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن؟ ئاھ سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟ دەپ زار-زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانىمىش. بۇنى كۆرگەن باتۇر ئاھ، ئاتا-ئانا دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتقانىمىش.

سۆيۈملۈكۈم،- دەپتۇ باتۇر،- مەن يۇرتۇم يىراق ئەلدىن، ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى، چۈشۈمدە ئاتا-ئانامنىڭ مېنىڭ ئىشتىياقىمدا يىغلاپ، كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم، رۇخسەت قىلساڭ يۇرتۇمغا بېرىپ، ئاتا-ئانامنى كۆرسەم دەپ يېلىنىپتۇ.

— خوپ سۆيۈملۈكۈم، مەنمۇ سەن بىلەن بىرگە بارىمەن، ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى،- دەپ شام شەھەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ قىز-ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ قوشۇلۇپتۇ ۋە يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا سېلىپقويۇپتۇ. بۇلار بىر قانچە قېچىر مال-دۇنيالارنى ئېلىپ يىراق ئېلى قايدىسەن؟- دەپ يولغا چۈشۈپتۇ، كۆپ يوللارنى يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇمۇل يۈرۈپتۇ. بىر كۈنلىرى چۆل-جەزىرىگە كېلىپ قونالغۇدا قونۇپتۇ.

باتۇر سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، چېدىردىن كۆز يەتكۈدەك يەردىكى بىر دۆڭدە بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ-ۋە ھوشيارلىنىپتۇ، شۇ ئەسنادا دۆڭ تەرەپتىن بىر ئاتلىق ئات چاپتۇرۇپ كېلىپتۇ، ئۇنىڭ بىر قولىدا ئاق بايراق، بىر قولىدا بىر پارچە خەت تۇرغۇدەك. ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ خەتنى ئالدىغا تاشلاپتۇ-دە، توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. باتۇر خەتنى ئېلىپ ئوقۇغۇدەك بولسا، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە يېزىلغانىكەن: «يىراق ئېلىنىڭ پادىشاھى ياشىر ئەلى ئوغلى باتۇر، سەن بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام

شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى
ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى
ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنىكەن-
سەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن
ئالتە يىلنىڭ بۇ تەرىپىدە بىرلەك قو-
شۇنىمىز سېنى ساقلاپ كەلدى، مانا ها-
زىر يېتىپ كەپسەن، دەرھال قورالنى تاش-
لاپ بىزگە ئەل بولۇپ، قولۇڭنى باغلاپ
ئالدىمىزغا كەل، بولمىسا جەڭگە هازىر-
لان» دەپ يېزىلغان، خەتنىڭ ئاخىرىغا
دىۋانە شاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغانىكەن.

بۇنى ئوقۇغان باتۇر خەتنى كۆرۈپ قۇن-
دۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مە-
لۇم قىپتۇ، مەسلىھەتلىشىپ جەڭگە تەي-
يارلىنىپتۇ، ئۇ دۇلدۇلغا مىنىپ، شەمشەر-
دۇبۇلغىلىرىنى ئېسىپ جەڭگە چىقىپتۇ،
ئارىلىقتا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ، جەڭ
باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى دىۋانىلارنىڭ
لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ
كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ دىۋانىلارنى
جەم قىپتۇ.

— ئەي باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كەت-
تۇق، بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك باتۇر-
نى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى
ئۆزىمىزمۇ هالاك بولىمىز، شۇڭلاشقا ياخ-
شى تەدبىر كۆرۈشمىز ئۈچۈن مەسلىھەت
بېرىڭلار، — دەپتۇ. ھەممە دىۋانە جىم تۇ-
رۇشۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى دىۋانە
ئورنىدىن تۇرۇپ:

— باتۇرنى مەخپىي ئېتىۋېتىش كېرەك-
دەپتۇ. بۇ چارە دىۋانىلارغا لايىق كۆ-
رۈلۈپتۇ. كىم ئاتىدۇ دېگەن سوئالغا قېرى
دىۋانە مەن ئاتاي دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنىلا قانلىق
جەڭ باشلىنىپتۇ. باتۇر ئات ئويىنىتىپ
دىۋانىلارنى قىرىشقا باشلاپتۇ. بىردىنلا
دىۋانىلار قېچىپتۇ، باتۇر قوغلاپ كېتىپ-
تۇ. بىر چوڭ تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋال-
غان قېرى دىۋانە باتۇرنىڭ ئارقىسىدىن
ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق باتۇرنىڭ سول بىلى-
كىگە تېگىپتۇ. باتۇر ئات ئۈستىدە يېنى
بولۇپ كېتىپتۇ. دۇلدۇل دەرھال چېپىشنى
توختىتىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز
تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ،
دەل ۋاقىتىدا قۇندۇزنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى
سەزگەندەك سىرتقا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك
بولسا باتۇر دۇلدۇل ئۈستىدە ياتقان،
ئۇ باتۇرنى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ
چېدىرغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ كىيىملى-
رىنى ئۆزى كىيىپ ، باتۇرنىڭ جاراھەت-
لىرىنى تېڭىپ قويۇپ، قورال - ياراقلار-
نى ئېلىپ دۇلدۇلغا مىنىپ، دىۋانىلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپتۇ. باتۇر-
نىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ-
تۇ. ھەر كۈنى جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ
دىۋانىلارغا ۋەھىمە سېپتۇ. باتۇرنىڭ
يارىلانغىنىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى
ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ جان
تەلپۈزىدا قاپتۇ. قۇندۇز ئۈمىدسىزلى-
نىپ زار - زار يىغلىغان هالدا چېدىرنىڭ
ئالدىغا چىقىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا يۇل-
تۇز پەرى قىرىق كېنىزەك قىزنى ئەگەش-
تۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قۇندۇز، يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن پەرى ئېلىك
ئالماپتۇ ۋە كېنىزەك قىزلارغا ئىشارەت
قىپتۇ. قىزلار چۆرىدەپ ناخشا ئېيتىشقا
باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا توپ ئوت-
تۇرىسىغا چىقىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل
ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇز زار قاقشاپ
يىغلاپ ئاش ۋاقتى بولغاندا يۇلتۇز پە-
رى بىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيت-

تىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قۇندۇزغا قاراپ:

— ئاڭلاپ باققىن قۇندۇز ئاي، ئېرىڭ باتۇرنىڭ ئەجىلى توشتى. ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ، سەن تۇل بولۇپ دىۋانىلارغا ئەسىر بولىسەن. بۈگۈن سېنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز. قېنى سەن يىغلاپ، بىز كۈلەيلى دەپ كېنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغىنىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى قاتتىق كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ ئايلىنىپ ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قاپتۇ. كۈن چۈشتىن ئۆتۈپ غەربكە ئېگىلىپتۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا يۇلتۇز پەرى ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار جىم بولۇپتۇ. يۇلتۇز پەرى غەمكىن ھالەتتە ئۆتۈپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تازىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قۇندۇز، سۆيۈملۈكۈڭ باتۇر ئۆلمىدى، ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ. بۇنىڭدا بەلكىم بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن دەپتۇ. قۇندۇز يىغىسىنى توختىتىپ مەردانە ھالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ سەن مېنى كوھقاپقا ئېلىپ بارغىنىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا سېنىڭ دىۋىلىرىڭ ئۇقماستىن مېنى ئەمەس، باتۇرنى ئېلىپ بارغان، ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا سېنى تەشنالىق بىلەن سۆيۈۋالغان، — دەپتۇ. يۇلتۇز پەرى كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە پەرى قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يىگىتنىڭ خوتۇنى بولۇشقا تېگىشلىك. شۇڭا مەن ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ نىكاھىدا دەپتۇ-دە، كېنىزەكلەرگە كويىقاپقا كېتىشنى بۇيرۇپ چېدىرغا كىرىپتۇ، ئارقىدىن قۇندۇز مۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز پەرى باتۇرنىڭ سول قولىنى ئۆزىنىڭ سول قولى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرۈپ جاراھىتىنى سىلىغانىكەن، باتۇر ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى قىز ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇپتۇ.


باتۇر بۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنىپ ئۈچ كۈن دىۋانىلار بىلەن جەڭ قىلىپ يولنى ئېچىپتۇ ۋە يىراق ئېلىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئۇ يىراق ئېلىگە بارغاندىن كېيىن ئۆز خەلقى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئوردىغا كىرگەنىكەن، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ياشىر ئەلى ۋە ئانىسى گۈلجاھاننى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. ياشىر ئەلى بىلەن گۈلجاھان تەڭلا:

— ئاھ ئوغلۇم ئىشتىياقىڭدا كۆزلىرىمىز بىنىمىر بولدى، ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق، دېيىشىپتۇ. شۇ ھامان يۇلتۇز پەرى ئالدىغا چىقىپ قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرۈپ گۈلجاھاننىڭ ۋە ياشىر ئەلىنىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى باتۇرغا ئېتىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپتۇ ۋە يىراق ئېلىنىڭ شاھى ياشىر ئەلى ئوغلى باتۇر ئەلىنى ئۆز ئېلىنىڭ شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىپتۇ.

— سەن ئۆز مۇرادىڭ يولىدا ئىزدىنىپ مەقسەتكە يەتتىڭ، ئەمدى سېنى يۇرت خەلقى ئارزۇلاۋاتىدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىزلەن دەپتۇ. باتۇر ئەلى تەختكە چىقىپتۇ ۋە ئۆز ئېلىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى باياشات، ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتىن مەتسىدىق ئىمىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقۇربان ئىسمايىل.



قاياق باراڭلىق هويلا



سەھنىدىكى بۇلبۇل

# 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى

## *NEW JADE LITERATURE*


1993 年第六期（双月刊）
编辑：《新玉文艺》编辑部
出版：和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行：和田地区邮电局
订阅：全国各地邮电局
印张：787×1092。1/16，6.25 张
国内外统一刊号：
ISSN 1002 — 929X
CN 65—1088/1
代 号：58 — 26

1993 - يىل 6 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929X
CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 26



电话：23792

定价：0.60 元


تېلېفون نومۇرى: 23792

باھاسى: 0.60 يۈەن